ئابدۇلقادىر دەدە ئوغلى

# ئاياللارنىڭ ۋەزىپىلىرى



سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى

ئابدۇلقادىر دەدە ئوغلى
ئاياللارنىڭ ۋەزىپىلىرى
سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

ئابدۇلقادىر دەدە ئوغلى

# ئاياللارنىڭ ۋەزىپىلىرى

(بىر ئانىنىڭ قىزىغا قىلغان نەسىھەتلىرى)

ھەر ئائىلىنىڭ بىر ئايالغا قانداق ئېھتىياجى بولسا،
ھەر ئايالنىڭ بۇ كىتابقا ئەنە شۇنداق ئېھتىياجى بار

سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى
2012 - يىل، ئىستانبۇل

# ئاياللارنىڭ ۋەزىپىلىرى


ئاپتورى: ئابدۇلقادىر دەدە ئوغلى
تەرجىمە قىلغۇچى: مۇنەۋۋەر نىياز ئۆز ئۇيغۇر
تەھرىرى: مۆمىنجان سىدىق
كوررېكتورى: مۆمىنجان سىدىق
بەتچىك: ئىبراھىم بۇغرا



ئالاقىلىشىش
Ördek Kasap Mah. Millet Cad Gülşen Apt
No:108 D: 5 Çapa - Fatih / İstanbul / Türkiye
Tel:0090-212-5232877
E-mail:info@maarip.org/www.istiqlaltv.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ............................................... 7
مۇقەددىمە ................................................ 9
ئەرلەرنىڭمۇ ئاياللارغا قارىتا بىرمۇنچە ۋەزىپىلىرى بار ............. 23
قانائەت ................................................... 27
ئېرىگە ئىتائەت قىلىش ....................................... 37
خۇلاسە ................................................... 39
تازىلىق ................................................... 43
خۇلاسە ................................................... 45
دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلار! ............................ 47
ئۆي تازىلىقى، يېمەك – ئىچمەك ۋە ئۇخلاش سائەتلىرى ........... 65
مال - مۈلۈكنى ئاسراش........................................ 69
ھېكايە .................................................... 72
خۇلاسە ................................................... 74
ھېكايە .................................................... 74
ھېكايە .................................................... 76
ھېكايە .................................................... 77
نەتىجە .................................................... 78
ھېكايە .................................................... 80
ھېكايە .................................................... 82

خۇلاسە .......................................................83
ئۇرۇغ - تۇغقانلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش .........................87
ئەرنى ئەر قىلىش ئايالىنىڭ قولىدا ..................................93
ھېكايە .......................................................97
خۇلاسە .......................................................103
ھېكايە .......................................................105
سىر ساقلاش ....................................................109
ھېكايە .......................................................111
ھۆرمەت قىلىش ۋە ئېھتىرام بىلدۈرۈش .............................115
مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ بىلىشى لازىم بولغان بەزى بىلىملەر........121
ئىمان ئاساسلىرى ئالتىدۇر ......................................123
ئىسلام ئاساسلىرى بەشتۇر ........................................124
تاھارەت مۇنداق ئېلىنىدۇ .........................................124
غۇسۇل – تاھارەت مۇنداق ئېلىنىدۇ ................................125
تەيەممۇم قىلىش .................................................125
نامازنى باشلاشتىن بۇرۇن تۆۋەندىكى ئالتە پەرزنى ئورۇنلاش
لازىم ..........................................................126
نامازنىڭ ئىچىدىكى ئالتە پەرز ....................................126
نامازنىڭ ئوقۇلۇشى ..............................................127
بەش ۋاخ ناماز ..................................................129
تەراۋىھ نامىزى .................................................130

ئاياللارنىڭ نامىزى ۋە روزىسى ھەققىدە ساۋات ....................131
روزا .........................................................................133
ھەج .........................................................................134
زاكات .......................................................................134
قىسقىچە دىنىي مەلۇماتلار ........................................135
سەۋەنلىك سەجدىسى ...............................................137
نامازنى ئۇلتۇرۇپ ئوقۇش ھەققىدە .................................138
ئىسلامدا نىكاھنىڭ ئەدەپ – ئەخلاقى .........................139
ئىسلامدا تالاق ...........................................................141
مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ كىيىنىشى ..................................143
ئاياللارنىڭ سىرتقا ۋە ساياھەتكە چىقىشى .........................145
ھەيز ۋە نىفاس .........................................................147

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! ھەر خىل زىيانلىق ۋە خەتەرلىك قىلمىشلار دىنىي ۋە ئائىلىۋي مۇناسىۋەتلىرى كۈچلۈك بولغان جەمئىيەتلەرگە سىڭىپ كىرەلمىدى.

سەلبىي كۈچلەر بىر مىللەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا، ئالدى بىلەن ئۇ مىللەتنى دىنىدىن، ئاندىن ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدىكى سۆيگۈ ۋە ھۆرمەتتىن مەھرۇم قىلىدۇ.

ئۇلار بىر جەمئىيەتنىڭ ئېسىل خىسلەتلىرىنى يوق قىلىش ئۈچۈن كۆپىنچە گېزىت، ژۇرنال، رومان، ئېتىقادسىز مەزمۇندىكى نەشرىيات ئەسەرلىرى، تېلېۋىزور، رادىيو ۋە فىلىم قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىدۇ.

كۆپىنچە مۇسۇلمان ئەللىرىدىمۇ بىلىپ - بىلمەستىن بۇ ۋاستىلار ئارقىلىق دىن ۋە ئائىلە ئىچىدىكى مەنىۋي رىشتە بىر - بىرلەپ ئۈزۈپ تاشلانماقتا.

مۇسۇلمان خەلق ئىچىدە ئائىلىنىڭ ئۇلى ھېسابلىنىدىغان ئايال - باللار بىرەر گېزىت ياكى ژۇرنالنىڭ تىراژىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ رەزىل، ئەڭ پەسكەش تېمىلارغا ۋاستە قىلىنماقتا. ئەڭ ئاددىي مالنىڭ ئېلانى ئۈچۈنمۇ ئايالالارنى

ئىشلىتىپ، ئۇلاردىن تىجارەت سەرمايىسى سۈپىتىدە پايدىلىنىش بىز ياشاۋاتقان بۇ دەۋردىكى ئەڭ رەزىل قىلمىشلاردىن بىرىگە ئايلىنىپ قالدى.

شۇڭا، پۈتۈنلەي يوقاپ كېتىشكە يۈز تۇتقان دىنىي ۋە ئائىلىۋى مۇناسىۋەتلەرنى كۈچەيتىدىغان پايدىلىق ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاپ، سىز ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇشنى بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىمىز دەپ قارايمىز.

بۇ كىتاب ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى زامانىدا ئاياللارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ھازىرلانغان «ئاياللارنىڭ ۋەزىپىلىرى» ناملىق ئەسەر ئاساسىدا تەييارلاندى. قولىڭىزدىكى بۇ كىتابنىڭ خانىم - قىزلىرىمىز ۋە مۇسۇلمان ئائىلىنىڭ ئۇلى بولغان مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ئىسلام ئەخلاقىنى ئۆزلەشتۈرۈشىگە پايدىلىق بولىدىغانلىقىغا، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ خېلى چوڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

ياخشى ۋە گۈزەل ھەرقانداق ئىش پەرۋەردىگارىمىز اللە تائالانىڭ ئىنئامىدۇر، كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەر سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىك بولغانلىقىدىندۇر.

ئابدۇلقادىر دەدە ئوغلى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

# بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللەنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

## مۇقەددىمە

بۇنىڭدىن بىرقانچە يۈز يىل ئىلگىرى، ئەرەب قەبىلە باشلىقلىرىدىن ئەۋف ئىبنى مىلھەم ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، مىلھەم قىزى ئۇممۇ ئىناسنى ئەرەبلەر ئىچىدىكى يۈز ئابرۇيلۇق بىرىگە ياتلىق قىلىشقا ماقۇل بولىدۇ. مىلھەمنىڭ ئايالى توي كۈنى ياتلىق قىلىدىغان قىزىنى ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپ، بىرقانچە ئەسىردىن باشلاپ تا ھازىرغىچە بەدىئىي قىممىتىنى يوقاتمىغان مۇنۇ نەسىھەتلەرنى قىلىدۇ:

”بالام! ۋەسىيەت ۋە نەسىھەت بىر ئىنساننى ياخشىلىق تەرەپكە يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن قىلىنىدۇ. ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق ۋە تەربىيە كۆرگەن بىرى بولۇش ياكى باي بىرىنىڭ پەرزەنتى بولۇش ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئالدىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشقا يېتىدىغان بولسا، مەن ساڭا بۇ نەسىھەتلەرنى قىلىپ يۈرمىگەن بولاتتىم. ئەسلىدە تەۋسىيە ۋە نەسىھەت قىلىش ئۇنتۇپ قالغان نەرسىلەرنى ئەسلەشكە، بىلمىگەن نەرسىنى بىلىۋېلىشقا

سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا ئۈچۈن، نەسىھەتنىڭ ناھايىتى كۆپ پايدىلىرى بار.

ئى سۆيۈملۈك قىزىم! بىر قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى باي بولغانلىقى ئۈچۈن ياتلىق بولۇشقا ئېھتىياجى بولمىسا ئىدى، سېنىڭ ھېچبىر ۋاقىت ئەرگە ئېھتىياجىڭ بولمىغان بولاتتى. ئەمما ئەھۋال سېنىڭ ئويلىغىنىڭدەك ئەمەس، ئەرلەر بىز ئۈچۈن يارىتىلغىنىدەك، بىزمۇ ئەرلەر ئۈچۈن يارىتىلغانمىز.

قىزىم! سەن تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بىر ئائىلىدىن چىقىپ، ھېچ بىلمەيدىغان ۋە تونۇمايدىغان بىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىسەن، ھازىرغىچە كۆرۈشۈپ گەپلىشىپ باقمىغان، مىجەز - خۇلقىنى بىلمىگەن بىرىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھى بولىسەن. سەن ئۇنىڭ خىزمەتكارى بولغىنىڭ، ئۇ سېنىڭ مالىيىڭ، قۇلۇڭ بولسۇن!

ئى بالام! مەن ھازىر ساڭا بەزى نەسىھەتلەرنى قىلىمەن، ئۇلارنى ياخشى ئۆگىنىپ، شۇ بويىچە ھەرىكەت قىلساڭ، ئۆمۈر بويى راھەت ياشايسەن، ئېرىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭمۇ ھەرگىز بۇزۇلمايدۇ. بۇ دۇنيادا بەختلىك ياشاش بىلەن بىرگە، ئاخىرەتتىمۇ مەڭگۈلۈك بەختكە ئېرىشىسەن:

**بىرىنچى،** قانائەتچان بول! يەنى ئېرىڭ تەرىپىدىن ئېلىپ كېلىنگەن يەپ - ئىچىدىغان ۋە كىيىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلغىن. چۈنكى قانائەتچانلىق قەلبنى ھۇزۇر – ھالاۋەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

**ئىككىنچى،** ئېرىڭنىڭ سۆزلىرىگە ھەمىشە قۇلاق سال ۋە ھەر ۋاقىت ئىتائەتكار بول. ئېرىڭگە ئېتىراز بىلدۈرمىگىن. ئۇنىڭ بىلەن ئىچقويۇن – تاشقويۇن بولۇشقا تىرىشقىن. بۇ خىل ئۇسۇلدا ھەرىكەت قىلساڭ، ئەينى زاماندا ھەق تائالانىڭ رازىلىقىغىمۇ ئېرىشىسەن.

**ئۈچىنچى**، ئېرىڭنىڭ كۆزى چۈشىدىغان ھەممە يەرگە دىققەت قىل ۋە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەر. ئۇنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنىدىغان بىرەر نەرسىنىڭ ئىلىشىپ قېلىشىدىن ساقلانغىن.

**تۆتىنچى**، سېسىق پۇراق چىقىش ئېھتىمالى بولغان نەرسىلەر ۋە يەرلەرگە دىققەت قىل، ئۇلارنى ئىزدەپ تېپىپ تازىلا. ئۆيىڭدىن ھەمىشە خۇشپۇراق چىقىپ تۇرسۇن.

**بەشىنچى**، شۇنى ئېسىڭدە چىڭ تۇتقىنكى، پاكىزلىق ۋە لاتاپەت ۋۇجۇتقا سۇ بىلەن كېلىدۇ. ھەممە نەرسە سۇ بىلەن پاكىزلىنىدۇ. ئىچىدىغان ۋە ئىشلىتىدىغان سۇلارنىڭ پاكىز بولۇشىغا دىققەت قىلغىن.

**ئالتىنچى**، ئېرىڭنىڭ تاماق يەيدىغان ۋە ئۇخلايدىغان ۋاقتىغا ئالاھىدە ئېتىبار بەرگىن. تامىقىنى ئۇنىڭ ئادىتىگە قارىتا تەييارلىغىن. ۋاقتىدا ئۇخلىشى ئۈچۈن ئىشلىرىنى ۋاقتىدا تۈگەتكىن. چۈنكى ئاچلىق ئىنساننى تەرسا قىلىپ قويىدۇ. ئۇيقۇسىزلىق بولسا، ئاچچىقلىنىشقا سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ.

**يەتتىنچى**، ئۆيىڭنىڭ مال - مۈلكىنى ۋە ئۆيدىكى جابدۇقلارنى ياخشى ئاسرا. مال ۋە جابدۇقلارنى ئاسرىشىڭ،

مۆھــــاپىزەت قىلىشـــــىڭ ســــىنىڭ ئــــش بىلىـــــدىغان بـــــرى ئىكەنلىكىڭنى كۆرستىپ بېرىدۇ.

**ســـەككىزىنچى**، ئېرىڭنــــىڭ يېقىنلىرىغــا ياخشـــى مۇئــامىلە قىلىغـــــــن. بــــۇ ســــىنىڭ ئىشـــــلارنى ياخشـــــى ئـــــدارە قىلالايدىغانلىقىڭنىڭ ئالامىتىدۇر.

**توققـــۇزىنچى**، ئېرىڭنــــىڭ ســـرلىرىنى ھـــېچكىمگە دېـــمە. نــاۋادا ئۇنـــىڭ ســـرلىرىنى باشــقىلارغا دەپ قويســاڭ، ئــۇ ســاڭا خاپــا بولىدۇ. ئـۇ چاغـدا ئۇنــىڭ ســاڭا ۋاپاســزلىق قىلىشــدىن خــاتىرجەم بولالمايسەن.

**ئـــونىنچى**، ئېرىڭنـــى ھـــۆرمەتلىگىن، بۇيرۇغــانلىرىنى ئــورۇنلا. ئۇنـــىڭ ئېيتقانلىرىنــىڭ تەتۈرســـنى ئېيتـــپ، ئۇنىڭغــا قارشــلىق بىلدۈرــدىغان ئىشــنى قىلمــا. نــاۋادا قارشــلىق قىلســپ، ئىســيانكار بولســـــاڭ، ئۇنـــــىڭ ئاچچىقلىنىشـــــىغا، ھەتتـــــا دۈشـــــمىنىڭدەك ھەرىكەت قىلىشــغا سـەۋەبچى بولـۇپ قالســەن. ئېرىــڭ غەمكىــن، كـــۆڭلى يېـــرىم بولغـــان چـــاغلاردا، ســـەن خۇشـــال كـــۆرۈنمە. ئـــۇ خۇشال بولغان چاغلاردا، سەنمۇ خۇشال كۆرۈنۈشكە تىرىشقىن.

قىسقىســـــى، قىـــزىم! ســـەن ئېـــرىڭگە قانچىلىـــك دەرىجىـــدە ھـــــۆرمەت قىلســـــاڭ، ئـــــۆزەڭنى ئۇنىڭغـــــا شـــــۇنچىلىك ياخشـــــى كۆرستەلەيســــەن. ئـــۇنى قانچىلىـــــك دەرىجىــــدە رازى قىلســـــاڭ، سۆيگۈســــــنى شـــــۇنچىلىك دەرىجىـــــدە قولغـــــا كەلتۈرەلەيســــــەن. شـــۇنىمۇ قوشـــۇپ قويـــايكى، يۇقىرىـــدا دېگەنلىرىمنـــى قىلالىشـــىڭ ئۈچـــۈن پەقەت ئۇنـــىڭ تەلەپ ـ ئـــارزۇلىرىنى ئۆزەڭنىــــىڭ تەلەپ ـ

ئاززۇلىرىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويغان ۋە ئۇنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسلىرىنى ئۆزەڭگىسى ھاۋايى - ھەۋەسلىرىدىن ئارتۇق كۆرگەن چاغدىلا ئاندىن ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ".

ئۇمامەنىڭ ئۆز تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىپ، قىزىغا قىلغان بۇ نەسىھەتلىرى ئائىلىدە ئېرى بىلەن ياخشى ئۆتۈشىنى، ئائىلىنى ياخشى ئىدارە قىلىشىنى ۋە ھۇزۇر ئىچىدە ياشاشنى خالايدىغان ھەرقانداق ئايالنىڭ قىلىشى لازىم بولغان ئىشلاردۇر. شۇڭا، بارلىق ئاياللار بۇ نەسىھەتلەرنى قۇلىقىدا چىڭ تۇتۇشى ۋە بۇ نەسىھەتلەرنى چىقىش يولى قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىنى بەلگىلىشى لازىم.

جانابى اللە بىزگە ئۆزىنىڭ ئەزىمەتىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ياراتقان بارلىق مەخلۇقاتلىرىنىڭ بۇ دۇنيادا كۆپىيىشىنى ئىرادە قىلغان. بۇ سەۋەبتىن، ئەر بىلەن ئايالنى بىر - بىرىگە موھتاج قىلىپ ياراتقان ۋە ئۇلارنى ئەقىل - ئىدراك بىلەن زىننەتلەش ئارقىلىق باشقا مەخلۇقاتلاردىن ئۈستۈن قىلغان. ئىنسانلار بىرلىكتە بەرپا قىلغان جەمئىيەتلەرنىڭ كۈچلۈك ۋە ساغلام بولۇشى ئۈچۈن، ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى نىكاھ بىلەن قانۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بىر – بىرىگە بولغان ئېھتىياجلىرىنى بۇ شەكىلدە تەمىنلەشنى ئورۇنلاشتۇرغان.

شۇڭا، بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ بىرلىكتە ياشىشى چوقۇم نىكاھ شەرتى ئاساسىدا قۇرۇلىشى كېرەك. اللەنىڭ بۇ

بـۇيرۇقى بولسـا، ئالەمنىـڭ ئىنتىزاملىـق بولۇشـى، ئىنسـانلارنىڭ گـۈزەل ئەخلاقلىـق بولۇشـى ۋە سـاغلام جەمئىيەتلەرنىـڭ ۋۇجۇتقـا چىقىشى ئۈچۈندۇر.

«تەپسـير كەبىـر» نـاملىق تەپسـىرنىڭ مـۇئەللىپى فەخـرۇددىن رازى: ﴿وَجَعَلَ بَيْنَكُمْ مَوَدَّةً وَرَحْمَةً﴾ ﴿ئـاراڭلاردا (يەنـى ئەر – خوتـۇن ئارىسـىدا) مېھىـر ـ مـۇھەببەت ئورنـاتتى﴾ (سـۈرە رۇم، 21 – ئـايەت) دېـگەن ئايەتنىـڭ تەپسـىرىدە توختىلىـپ مۇنـداق دەيـدۇ: ”ئەر ـ خوتـۇن ئارىسـىدىكى مـۇھەببەت پەقەت نەپسـانىي لەززەتتىـنلا ئىبـارەت ئەمەس. بەلكـى ئـۇ اللهنىـڭ ئىنـايىتى بولغـان بىـر هـالەتتۇر. چـۈنكى نەپسـانىي لەززەت بولمىغـان ۋاقىتلاردىمـۇ بـۇ مـۇھەببەت داۋام قىلىـدۇ. نـاۋادا ئەر ـ خوتـۇن ئوتتۇرىسـىدىكى ئـالاقە شـەھۋانىي ھەۋەسـتىنلا ئىبـارەت بولسـا ئىـدى، شـەھۋەت تۈيغۇسـى بولمىغـان ۋاقىـتلاردا بىـرگە ياشـاش ئەڭ ئـاخىرقى نۇقتىغـا بېرىـپ قالغـان ۋە ئاجرىشـىش ئەھۋاللىرى باش كۆتۈرگەن بولاتتى“.

بـۇلاردىن شـۇنى بىلىـپ يېتەلەيمىزكـى، نىكـاھ بىـر ـ بىرىنـى ياخشـى كـۆرۈش، بىـرلىكتە ياشـاش ۋە ياخشـى ئۆتۈشـنىڭ بىردىنبىـر سـەۋەبىدۇر. ”نىكاھتـا كـارامەت بـار“ دېـگەن سـۆزمۇ بەلكىم بۇ تەجرىبىلەرنىڭ نەتىجىسى بولۇشى مۇمكىن.

ئىنسـانلار بىـر ـ بىـرى بىـلەن ئىنـاق ئۆتۈشـكە ئىنتـايىن موھتـاج. بـۇ دۇنيـادىكى هايـاتىمىزدا بىـزدىن تەلەپ قىلىنىـدىغىنىمۇ ئىنسـانلارغا ياخشـىلىق قىلىشـتۇر. پەيغەمـبەر

www.uyghurkitap.com

ئەلەيھىسسالام: «سىلەر ھەر ئادەمنى مال - دۇنيالىرىڭلار بىلەن رازى قىلىپ بولالمايسىلەر. شۇنداق ئىكەن، ئەخلاقىڭلار بىلەن رازى قىلىڭلار» دېگەنىدى. ئۇلۇغ ئالىم ئەبۇ لەيس سەمەرقەندى بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ”ئىنسان يۇمشاق سۆزلۈك، گۈزەل خۇيلۇق بولۇشى، ھېچكىمگە خۇشامەتچىلىك قىلماسلىقى، ھېچكىمنى يۈزدە ماختىماسلىقى لازىم“.

ئەخلاقى ۋە تۇتقان يولى ناچار كىشىلەر بىلەن سۆزلەشكەندە دىققەت قىلىش كېرەك. ئۇ خىل كىشىلەرنىڭ ناچار پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلغاندەك كۆرۈنۈپ، لام - جىم دېمەستىن ئولتۇرۇش ئەڭ چوڭ خاتالىقتۇر. ئۇ تۈردىكى كىشىلەردىن باشقا ھەممە كىشى بىلەن ياخشى ئۆتۈش، يامانلىقلاردىن يىراق تۇرۇش لازىم. اللہ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالامغا: ﴿**فَقُولَا لَهُ قَوْلًا لَيِّنًا**﴾ ﴿پىرئەۋنگە يۇمشاق سۆز قىلىڭلار﴾ (سۈرە تاھا، 44 – ئايەت) دېمىدىمۇ؟ بىز مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالامدىنمۇ پەزىلەتلىكمۇ؟ بىز بۇنى ئويلىشىمىز لازىم.

ئىنسانلار ئۆز ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردە خۇشچىراي، يۇمشاق سۆزلۈك بولۇشقا بۇيرۇلغان يەردە، ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە تېخىمۇ كۈچلۈك مېھىر – مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت بولۇشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ مۇشۇ سەۋەبتىن، نىكاھ ئېلىپ كېلىدىغان سۆيگۈ ۋە بىر - بىرىگە

بولغان باغلىنىش ئىككى تەرەپنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن تېخىمۇ كۈچەيتىلىشى، ئەر – خوتۇن ئىككىسىنىڭ ھەربىرى ئۆزىگە تېگىشلىك مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئورۇنلاش ئارقىلىق، مۇستەھكەم ئىناقلىقنىڭ بارلىققا كېلىشىگە كۈچ چىقىرىشى، بىر - بىرىنىڭ زىيانلىق بولمىغان كەمچىلىكلىرىنى كەچۈرۈش ئارقىلىق، ھاياتلىرىنى ھۇزۇر ئىچىدە ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىشى لازىم.

ئەكسىچە بولغاندا، يەنى ئەر - خوتۇن بىر - بىرىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلسا ۋە بىر - بىرىنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلمىسا، ئۆزئارا سۆيگۈ - مۇھەببەت يوقايدۇ. ئۆزئارا سۆيگۈ – مۇھەببەت يوقىسا، بىر – بىرىنىڭ ئەيىبلىرى كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، چىقىشالماسلىق كېلىپ چىقىدۇ. جېدەل، تالاش – تارتىش ۋە قىيا - چىيالار تۈگىمەيدۇ. بۇنداق ئائىلىدە ياشاش ئىمكانسىز ھالغا كېلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاياللار ئەرلىرىنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلىشى، ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيەتلىرىنى ياخشى تونۇپ، ئۇنى ئورۇنداشقا تىرىشىشى لازىم. ئەرلىرىنىڭ مىجەز - خۇلقىنى ياخشى چۈشىنىپ، ئېرى رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشى، بۇنىڭ بىلەن ھاياتىنى ھۇزۇر – ھالاۋەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈش بىلەن بىرگە، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ياخشى نام بىلەن ئەسلىنىشى ئۈچۈن ئىز قالدۇرۇشى لازىم.

تــابئىنلار (ســاھابە كىراملارنــى كــۆرگەن كىشــىلەر)دىن شــەئبى ئــۆيلىنىش ھەققــدە قــازى شــۇرەيھ ئېيتــپ بەرگەن بىــر ۋەقەلىكنــى مۇنــداق بايــان قىلىــدۇ: قــازى شــۇرەيھ بىــر سـۆھبەت ئارىسىدا ماڭا:

_ ئــى شــەئبى! نــاۋادا ســەن تــوي قىلمــاقچى بولســاڭ، بەنــى تەمىــم قەبىلىســىدىن ئۆيلىنىشــنى تەۋســىيە قىلىمــەن، - دېــدى ۋە ئۆزىنىــڭ بېشــىدىن ئــۆتكەن بىــر ۋەقەلىكنــى ســۆزلەپ بەردى: _ يــاش چېغىمــدا، بىــر مېيىــت ســەۋەبىدىن بەنــى تەمىــم قەبىلىســىگە بارغانــدىم. ئايلىنىــپ يــۈرۈپ، بىــر ئىشــىكنىڭ ئالدىــدا ياشــانغان بىــر ئايــال بىــلەن بىــر قىزنىــڭ ئولتارغــانلىقىنى كــۆردۈم. قىــز ناھــايىتى چىرايلىــق ئىــدى. مەن ئۇلارغــا يېقىنلاشــتىم. قىزنــى تېخىمــۇ ياخشــىراق كــۆرۈۋېلىش ئۈچــۈن، ئايالــدىن ســۇ ســورىدىم. ئايــال قىزنــى ســۇ ئېلىــپ كېلىشــكە بۇيرىــدى. ســۇنى ئىچكەنــدىن كېيىن، ئايال بىلەن ئارىمىزدا مۇنداق بىر پاراڭ بولدى، مەن:

_ بۇ چىرايلىــق قىــز كىــم؟ كىمنىــڭ قىــزى ۋە ئىســمى نــېمە؟ - دېدىم. ئايال:

_ ھۇدەيرنىڭ قىزى، ئىسمى زەينەب.

_ ئېرى بارمۇ؟

_ ياق.

_ مەن بــۇ قىــز بىــلەن ئــۆيلىنىش تەلىپىنــى قويســام، ماڭــا بېرەرسىلەرمۇ؟

_ لايىق بولساڭ بېرىمىز.

ياشىنىپ قالغان ئۇ ئايالنىڭ سۆزىدىن كېيىن، مەن ئۇ يەردىن ئايرىلدىم. مەن قىز بىلەن ئۆيلىنىش قارارىغا كەلگەنىدىم. بىرقانچە ئۈرۈغ - تۇغقىنىم بىلەن قىزنىڭ تاغىسىنىڭ ئۆيىگە باردۇق ۋە مۇددىئايىمىزنى ئىزھار قىلدۇق. تاغىسى:

ـ ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، - دېگىنىچە، تەلىپىمىزنى قوبۇل قىلدى.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، نىكاھىمىز ئوقۇلدى. لېكىن مەن ئىچىمدە پۇشايمان قىلىشقا باشلىدىم. چۈنكى مەن بۇ قەبىلىنىڭ ئاياللىرىنىڭ ناھايىتى قوپال ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئاخىرى، نەتىجىنى كۆرۈشنى تېخىمۇ مۇۋاپىق كۆردۈم. كەچ بولدى. مەن قىزنىڭ يېنىغا كەلگىنىمدە، ئۇ:

ـ بېگىم! شۇ تاپتا، كۈيئوغۇلنىڭ الله رازىلىقى ئۈچۈن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشى ۋە ئايالنىڭ خەيرلىك ئايال بولۇشىنى ئۇلۇغ اللهتىن تىلىشى، يامانلىقىدىن اللهقا سېغىنىپ پاناھ تىلىشى سۈننەتتۇر، - دېدى. مەنمۇ:

ـ توغرا! شۇنداق ئىدى، - دېگەچ، نامازغا تۇردۇم. نامىزىمنى ئوقۇپ بولغىنىمدا، ئۇنىڭمۇ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ يەنە ماڭا:

ـ بېگىم! مەن سىزگە يات بىر قىزمەن، سىزنىڭ خۇي پەيلىڭىزنى بىلمەيمەن، سىز ياخشى كۆرىدىغان ۋە

www.uyghurkitap.com

سۆيۈندىغان ئىشلىرىڭىزنى ئېيتىپ بەرسىڭىز، مەن كۆڭلىڭىزدىكى ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىمەن. ياخشى كۆرمەيدىغان، ئۆچ كۆرىدىغان ئىشلىرىڭىزنى ئېيتىپ بەرسىڭىز، ئۇلاردىن يىراق تۇرىمەن ۋە سىزنى بىئارام قىلىشتىن ساقلىنىمەن. سىزنىڭ باشقا بىر ئايال بىلەن، مېنىڭمۇ ئۆز قەبىلەمدىن بىر ئەر بىلەن توي قىلىشىم مۇمكىن ئىدى. لېكىن ھەر ئىش تەقدىر - پىشانىگە يېزىلغىنى بويىچە بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئەخلاق ۋە ئادەتلىرىمىزنى بىلمەيدىغان تۇرۇپمۇ بىر - بىرىمىز بىلەن نىكاھلاندۇق. بۇ ئىلاھىي ئەمرنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىشىمىزغا ۋە ئۆز جايىدا ئورۇنلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. الله تائالانىڭ ھەر ئىككىمىزنى مەغپىرەت قىلىشىنى تىلەيمەن، - دېدى. مەن ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەردىم:

_ خېنىم! سۆزلىرىڭ شۇنچىلىك چىرايلىقكى، ناۋادا دېگەنلىرىڭ بويىچە ئىش قىلساڭ، مېنى بەختلىك قىلىسەن. قېنى ئەمدى تەلەپلىرىڭنى ئېيتقىن، - دېدىم. قىز:

_ ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىمنىڭ كېلىپ كېتىشىنى خالامسىز؟

_ تولا كېلىپ، زېرىكتۈرۈپ قويۇشىنى خالىمايمەن.

_ قوشنىلاردىن كىملەرنىڭ كىرىشىنى، كىملەرنىڭ كىرمەسلىكىنى تەلەپ قىلىسىز؟ ئەگەر بۇلارنى بىلىۋالسام، سىز خالىغانلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىمەن، خالىمىغانلاردىن يىراق تۇرىمەن.

ـ پـالانچى، پـالانچىلار سـالىھ ئىنسـانلار. ئـۆزلىرى، سـۆزلىرى دۇرۇس، ئـــززەت - نومۇســـنى بىلـــدىغان كىشـــلەردۇر، ئـــۇلار كەلســـە بولـــدۇ. ئەممـــا پـــالانچى، پـــالانچىلار بولســـا، دىقـــقەت قىلىشــقا تېگىشــلىك، ناچــار خــاراكتېرلىق كىشــلەردۇر، ئۇلارنىــڭ بىزنىڭكىگە كىرىشى ياخشى ئەمەس.

ـ ئـــى شـــەئبى! - دېـــدى قـــازى شـــۇرەيھ ســـۆزنى داۋاملاشــتۇرۇپ: ـ بــۇ قىــز مەنــدىن ئالغــان تەلىمــاتنى ئەيــنەن ئىجــرا قىلىشــقا باشــلىدى. ئۇنىڭغــا بولغــان مــۇھەببىتىم كۈنســېرى كۈچەيــدى. شــۇنداق قىلىــپ، ئارىــدىن بىــر يىــل ئــۆتتى. بىــر كــۈنى ئۆيگە كەلگىنىمدە:

ـ مۇنــداق قىــل، ئۇنــداق قىلمــا، - دەپ، ئايالىمغــا بــۇيرۇق بېرىۋاتقان قېرى بىر ئايالنى كۆردۈم. ئايالىمدىن:

ـ بۇ كىم؟ - دەپ سورىدىم.

ـ قېينـــانىڭىز، - دېـــگەن جـــاۋابنى ئالغانـــدىن كېـــيىن، ئۇنىڭغـا ئالاھــدە ھـۆرمەت - ئېھتــرام بىلـدۈردۈم. ھـال - ئەھـۋال سورىدىم. ئۇمۇ مەندىن:

ـ ئوغلــۇم! ئايالىڭــدىن رازىمۇســەن؟ - دەپ ســورىدى. مەن ناھــــــايىتى رازى ئىكەنلىكىمنــــــــى، قىزىنـــــــــى ياخشـــــــــى تەربىيىلىگەنلىكىنى ئېيتقان ئىدىم، ئۇ:

ـ بــالام! ئايــاللار خــۇيىنى ئومــۇمەن ئىككــى خىــل ئەھۋالــدا بىلدۈردۇ. بۇنىــڭ بىــرى، ئوغــۇل بــالا تۇغقانــدا، يەنە بىــرى بولســا، ئېرىنىــڭ ئەتىۋارلىشــىغا ئېرىشــكەندە. ئەگەر ئايالىڭــدا مۇنــداق بىــر

خوي كۆرسەڭ، دەرھال تەربىيە قىل، - دېدى ۋە سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى: _ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىر ئەرنىڭ ئۆيىدىكى ئەڭ ناچار ئىش ئېرىنىڭ ئەتىۋارلىشىنى قولغا كەلتۈرگەن ئايالنىڭ ئېرىگە نازلىنىپ تۇرىۋالىدىغان ھالەتلىرىدۇر، - دېدى، ئاندىن ماڭا بۇرۇلۇپ: _ ئوغلۇم! ئايالىڭنىڭ ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىنىڭ سىلەرگە قايسى شەكىلدە زىيارەتكە كېلىشىنى خالايسىلەر؟ - دەپ سورىدى.

مەن:

_ قاچان كېلىشىنى خالىسا، شۇ چاغدا كەلسۇن، - دەپ جاۋاب بەردىم. شۇرەيھ قازى سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى: _ شۇنىڭدىن كېيىن، قېيىنانام ھەر يىلى يىل بېشىدا كېلىپ، بىرمۇنچە نەسىھەتلەرنى قىلىپ قايتىپ كېتەتتى. ئى شەئبى! مەن يىگىرمە يىلدىن بېرى بىر ئۆيدە ياشىغان، بىر ياستۇققا باش قويغان ئۇ قىزدىن ئازراقمۇ سەۋەنلىك تاپالمىدىم. مېنىڭ كىندەلىك (كىندە: جاي ئىسمى) بىر قوشنام بار ئىدى. ئايالى ئەخلاقى ناچار ۋە تەربىيە كۆرمىگەن بىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ۋاراڭ- چۇرۇڭ، غەلۋە - غوۋغا بېسىقمايتتى. ئۇلارنىڭ شۇ ھالىنى كۆرگىنىمدە، ئايالىمنى ئەسلەيتتىم ۋە ئۇنى تۆۋەندىكى بېيىت بىلەن خاتىرىلەيتتىم:

كۆردۇممەن بىرمۇنچە ئەرلەرنى،
ئۇرىدىغان ھەر دائىم ئاياللىرىنى.

زەينەبىمنى الله ساقلىسۇن،
ئۇنى ئۇرىدىغان قولۇم قۇرۇسۇن.
ئۇرسا بولامدۇ گۇناھسىز تۇرسا،
ئۇۋال بولامدۇ بىگۇناھ ئۇرسا؟

تەربىيە كۆرگەن، ئىپپەت - نومۇسلۇق، خۇي - پەيلى گۈزەل ئاياللارنىڭ ھاياتىدىكى ياخشى ئىش – ئىزلىرى ۋە ئىسىل - پەزىلەتلىرى مەدھىيىلىنىپ، تىللاردا داستان بولغان ھەمدە ئىسىملىرى كىتابلارغا ئۇنۋان بولغان. ئەكسىچە، مىجەزى ئوسال، تەربىيەسىز ئاياللار ئۆزلىرى راھەت ياشىيالمايلا قالماستىن، ھەر ۋاقىت ناچار ئىللەتلىرى بىلەن ئەسلىنىپ كەلمەكتىدۇر.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، يۇقىرىقىلاردىن ھەرگىزمۇ: ”ئەرلەر ئاياللىرىغا خالىغىنىنى قىلدۇرالايدىكەن، ئۇلارنى بوزەك قىلىپ، ئەزىيەت يەتكۈزىدىكەن، ئۇرىدىكەن، قانداق مۇئامىلە قىلغۇسى كەلسە، شۇنداق قىلىشقا ھەقلىقكەن. ئاياللار بولسا، ھەرقانداق ئەھۋالدا مۇتلەق بويسۇنۇشى كېرەككەن“ دەپ چۈشىنىپ قېلىشقا بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

# ئەرلەرنىڭمۇ ئاياللارغا قارىتا بىرمۇنچە ۋەزىپىلىرى بار

ئاياللارنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك – ئىچمەكلىرى ئەرلىرى تەرىپىدىن تەمىنلىنىشى لازىم. ئەر كىشى ئايالىغا زۇلۇم قىلماسلىقى، ئۇنى بوزەك قىلماسلىقى، بەزى تەرەپلەردە ئۇنىڭغا قارىتا كەڭ قورساق، سەۋرچان بولۇشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «ئىمان جەھەتتە ئەڭ مۇكەممەل، ئەخلاقىي ئالاھىدىلىكلىرى ئەڭ گۈزەل مۇئمىنلەر ئايالى، بالا - چاقىلىرى ۋە ئۇرۇق – تۇغقانلىرىغا ناھايىتى مېھرىبان بولغانلاردۇر» دېگەن. باشقا بىر ھەدىستە: «چوڭچىلىق قىلىپ، بالا - چاقىلىرىغا قاتتىق قوللۇق قىلغان كىشىنى الله يامان كۆرىدۇ» دېيىلگەن.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە قارىتا بىرمۇنچە ۋەزىپىلىرى بولغىنىدەك، ئەرلەرنىڭمۇ ئاياللىرىغا قارىتا بىرمۇنچە ۋەزىپىلىرى بار. ئەرلەر پات - پات ئاياللىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ تۇرۇشى لازىم. تېرىقتەك نەرسىنى تۆگىدەك كۆرسىتىپ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىش زالىملىقتۇر. ھەتتا ئىسلامدا ئايالىنى جەبىر - جاپاغا سېلىپ قويۇش ئېھتىمالى بولغان مىجەزى ئوسال ئەرنىڭ ئۆيلىنىشى مەكروھ دەپ قارىلىدۇ. ئەر كىشى ئەلۋەتتە ئايالىغا ياخشى نەرسىلەرنى ئۆگىتىشى، ئۇلارنى يامان

ئىشــلاردىن مۇھــاپىزەت قىلىشــى، ئايــاللار بولســا، يــارتىلىش تەبىئىــتىگە يارىشــا گەپ ئاڭلايــدىغان، ئەرلــىرىگە ئىتائەتكــار بولۇشى لازىم.

ئۈچ، تـۆت يـاكى بەش بالىسـى بـار بىـر ئايالنىـڭ ئەتىگەنـدىن كەچكىــچە ۋە يــاكى كەچــتىن تــا ئەتىگەنگــچە بــالىلار بىــلەن ھەپىلەشــــكەنلىكى يەتمىگەنــــدەك، ئېرىنىــــڭ ئۇنىڭغــــا: كىيىملىرىمنــى دەزماللىماپســەن، كــىيىم – كېچەكلىرىمنــى ۋاقتىــدا يۇماپســەن، يــېمەك – ئىچمەكــلەر مېنىــڭ تەلــۋىم بــويىچە بولمــاپتۇ، دېگەنــدەك يــاكى شــۇنىڭغا ئوخشــىغان باھــانىلەر بىــلەن ۋاقىراپ جاقىرىشى، بۇمـۇ ئـاز كەلگەنـدەك ئـۇنى ئۇرۇشـى، ھاقـارەت قىلىشــى ئىنتــايىن چــوڭ زۇلۇمــدۇر. بۇنــداق ئىنســانلارنىڭ نە اللهنىــڭ دەرگاھــدا، نە پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالامنىڭ يېنىــدا، نە جەمئىيەتنىــــڭ ئىچىــــدە قىممىتــــى بولمايــــدۇ. تەربىــــيىلەش ھەرگىزمـۇ تايـاق بىــلەن ئىلىــپ بېرىلىــدىغان نەرســە ئەمەس، ئەڭ ئاددىيسى ھايۋانلارنىمۇ تاياق بىلەن تەربىيىلەشكە بولمايدۇ.

## ئاياللار ئەرلەرگە الله تەرىپىدىن بېرىلگەن ئامانەتتۇر

پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام مۇســۇلمان ئەر بىــلەن ئۇنىــڭ ئايــالى ئارىســىدىكى ئۆزئــارا ھــۆرمەت، مېھــر - مۇھەببەتنىــڭ قەدىــر - قىممىتــى ۋە ئــۆلچىمىنى مۇنــۇ ھەدىســلىرى بىــلەن ناھايىتى ياخشى ئىپادىلەپ بەرگەن:

www.uyghurkitap.com

«ئاياللار قوۋۇرغا سۆڭىكىگە ئوخشايدۇ، ئۇنى پۈتۈنلەي تۈز قىلىشقا ئۇرۇنساڭ، سۇندۇرۇپ قويىسەن، مەيلىڭگە قويۇۋەتسەڭ تېخىمۇ ئەگرىلىشىدۇ. ئۇنى ئەگرى ھالىتىدە قويۇپمۇ پايدىلىنالايسەن»؛ «ئەرنىڭ ئايالىنى تالاق قىلىشىدىن ئاسمانلار تىترەپ كېتىدۇ»؛ «كىمكى ئايالىغا مۇھەببەت بىلەن قارىسا، ئايالىمۇ ئۇنىڭغا شۇ ھېسسىياتلارنى ئىپادىلىسە، الله تائالا ئۇ ئىككىسىگە رەھمەت نەزىرى بىلەن قارايدۇ. ئۇ ئىككىسى بىر - بىرىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇشقانلىرىدا بولسا، ھەر ئىككىسىنىڭ گۇناھلىرى ئۇلارنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن ئېقىپ چىقىپ كېتىدۇ».

ساھابىلاردىن بىرى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

_ ئى اللهنىڭ پەيغەمبەرى! ئاياللارنىڭ ئەرلىرى ئۈستىدىكى ھەقلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت؟ - دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

_ ئۆزەڭ يېگەن نەرسىدىن يېگۈزۈشۈڭ، ئۆزەڭ يېڭى كىيىم كىيگىنىڭدە ئۇنىڭغىمۇ كىيدۈرۈشۈڭدۇر. ھەرگىز ئايالىڭنىڭ يۈزىگە ئۇرما، ئەخلاقسىز مۇئامىلە ۋە ھەرىكەتلەردە بولما، ئۇنى قوغلىۋەتمە، مەلۇم بىر گۇناھى سەۋەبىدىن ئۇنى ئۆزەڭدىن يىراقلاشتۇرۇشقا توغرا كەلسە، بۇنى ئۆيىڭنىڭ ئىچىدە ئىجرا قىل!» دېگەن جاۋابنى بەرگەن.

پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم يەنە مۇنــداق دېــگەن: «مــۇئمىن ئەر مــۇئمىن ئايالــدىن نەپرەتلەنمىســۇن، ئايالــدىكى بىــر مىجەزنــى ياقتۇرمىغــان بىــلەن، باشــقا مىجەزىــدىن خۇش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن».

بىــر ئەر ئايالنىــڭ يەيــدىغان - ئىچىــدىغانلىرىنى ھالالــدىن تەمىنلەۋاتقـــــان، ھەر رەڭ ۋە ھەر تــــــۈردىكى كىــــــيىم – كېچەكلەرنــى، زىننــەت بۇيــۇملىرىنى، خۇشــبۇي نەرســىلەرنى ئېلىــپ بېــرىش ئــارقىلىق كــۆڭلىنى ئېلىشــقا تىرىشــۋاتقانلا بولســا، ئايــالىمۇ بۇنىڭغــا جــاۋاب قــايتۇرۇپ، ئېــرىگە پۈتــۈنلەي باغلىنىشــى، شــەرىئەتتە چەكلەنمىــگەن ھەرقانــداق خىزمەتنــى ئېرىــدىن ئايىماسلىقى لازىم.

بىــر - بىــرىگە مانــا مۇشــۇنداق ھــۆرمەت ۋە مېھىــر - مــۇھەببەت بىــلەن باغلانغــان ئائىلــدە ھــۇزۇر – ھــالاۋەت ۋە بەخــت - ســائادەتنىڭ داۋام قىلىشــى شۈبھىســىزدۇر. يۇقىرىــدا بايــان قىلىــپ ئــۆتكىنىمىزدەك، ئۇممــۇ ئىناســنىڭ ئانىســى قىزىغــا: ”قىــزىم! ســەن ئېرىڭنىــڭ خىزمەتكــارى بــولغىنكى، ئــۇ ســېنىڭ مالىيىڭ، قۇلۇڭ بولسۇن!“ دېمىگەنمىدى؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## قانائەت

بىز ئەمدى ئۇ ئانىنىڭ قىزىغا قىلغان نەسىھەتلىرىنىڭ ھەربىرى ھەققىدە ئىنچىكىلىك بىلەن توختىلىپ ئۆتەيلى. ئۇ نەسىھەتلەرنىڭ بىرىنچىسى مۇنداق ئىدى:

”قانائەتچان بول! چۈنكى قانائەتچانلىق قەلبنى ھۇزۇر – ھالاۋەتكە ئېلىپ بارىدۇ“.

ئانىسى قىزىنىڭ ئۆزىنى بىلمەسلىك ۋە ئاچ كۆزلۈك قىلىش بىلەن ئېرىنى ئۆزىدىن سوۋۇتۇپ قويماسلىقى ئۈچۈن بۇ نەسىھەتنى قىلغان ئىدى. قانائەت قىلىش ئىنسانىڭ ئۆزى موھتاج بولغان نەرسىلەردىن ئېھتىياجىغا يېتەرلىك قىسمىغا رازى بولۇشى، تەمەخورلۇق قىلماسلىق دېگەنلىكتۇر. بۇ مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ھەر ئىككىسى تەرەپ ئۆزلەشتۈرۈشى كېرەك بولغان گۈزەل ئەخلاقتۇر. ھەدىس شەرىپتە: «ئىنساننىڭ كۆزى تويمايدۇ، بىر كۈپ ئالتۇنى بولسا، يەنە بىر كۈپ بولسىكەن دەيدۇ» دېيىلگەن. بىر ئەرەب شائىرى شېئىرىدە مۇنداق يازغان:

بايلىقىڭ كۈپايە قىلمىسا ساڭا گەر،
رازى بولمايسەن دۇنيا سېنىڭ بولسىمۇ ئەگەر.

ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىنساننىڭ نەپسىنىڭ بۇنداق ئاچكۆزلۈكى ھەققىدە: ‹‹ئىنساننىڭ كۆزىنى پەقەتلا توپا تويغۇزىدۇ›› دېيىشكەنىكەن.

ھېرىسمەنلىك ۋە تەمەخورلۇق بىلەن ياشاش ئىنساننى توغرا يولدىن ئازدۇرىدۇ. ھوزۇر ۋە بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرمەيدۇ. دۇنيادا راھەت كۆرمەيدۇ. تەمەخور، قانائەتسىز ئىنساننىڭ ئېھتىياجلىرى تۈگىمەيدىغان بولغاچقا، ھېچقاچان راھەت ھايات سۈرەلمەيدۇ.

كۆزى توقلۇق ھۆرلۈكنى، ئاچكۆزلۈك مەھكۇملۇقنى كەلتۈرىدۇ. ئاچكۆز ئىنسان ھەرۋاقىت باشقىلارنىڭ ئالدىدا خار ۋە تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ. ھاياتى تەمەخورلۇق بىلەنلا ئۆتىدۇ. قانائەتچانلىق ئىنسانلارنى ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلسا، ئاچكۆزلۈك ئۇلارنى خارلىققا ۋە كەمسىتىلىشكە ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسانغا يارىشىدىغان قىلىق قانائەتچان بولۇشقا ئىنتىلىشتۇر. ئەخلاق كىتابلىرىدا، تەمەگەرلىك ۋە قانائەتسىزلىك بالاسىدىن قۇتۇلۇپ، قانائەتچان بولۇشنىڭ يوللىرى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىنماقتا:

**بىرىنچى**، الله تائالا ھەربىر ئىنساننىڭ رىزقىنى پۈتۈۋەتكەن بولغاچقا، تەقدىرگە پۈتۈلگەننى تەمە ۋە ھېرىسمەنلىك بىلەن قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. پەقەت رىزىققا ئېرىشىشنىڭ ئۈيغۇن سەۋەبلىرىنى قىلىش يېتەرلىكتۇر. رىزىق اللهتىن تەلەپ قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقىسىدىن تەلەپ

قىلىش قەتئىي توغرا ئەمەس. شائىر نابى ئوغلى ئۈچۈن يازغان نەسىھەتىدە بۇ نۇقتىنى ئىنتايىن چىرايلىق شەكىلدە ئىپادىلىگەن:

ئىنساننىڭ ئۆزىدە نېمىمۇ بولسۇن،
سىنىڭ ئۈنىڭدىن سوراپ ئالغىدەك.
ئۇمۇ موھتاجدۇر ياراتقان رەببىگە،
نېمىسى بولسۇن ساڭا بەرگىدەك.

ئۇلۇغ الله ھەر كىشىنىڭ رىزقىنى بەدەلسىز بېرىدۇ. بەزى ئىنسانلار پەقەت تەقدىر قىلىنغان رىزىقلارنىڭ تەقدىر قىلىنغان كىشىلەرگە يەتكۈزۈلۈشىدە ۋاستىچى بولىدۇ. شۇڭا، سەۋەبنى پۈتۈنلەي تەرك ئېتىش توغرا ئەمەس. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئۇلۇغ الله سەۋەبلەرنى ياراتمىسا ئىدى، ئۇنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، رىزىقنى بېرىدىغان ھەقىقىي زات اللهنى قايرىپ قويۇپ، پەقەت رىزىقنىڭ يەتكۈزۈلۈشىدە سەۋەب بولىدىغانلارغىلا ئېسىلىشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق.

مەئرۇفى كەرھى ئىسىملىك مەشھۇر بىر ئالىم بىر كۈنى ناتونۇش بىر ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇپتۇ. نامازدىن كېيىن ئىمام ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ:

ـــ سىلى كىم بولىلا؟ يەپ ـ ئىچىدىغانلىرىنى قەيەردىن تەمىن ئېتىلا؟ ـ دەپ سوراپتۇ. بۇ سوئالغا قارىتا مەزكۇر ئالىم:



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ـ توختىسىلا، توختىسىلا، ئالدى بىلەن سېلى ئىمام بولۇپ ئوقۇتقان نامازنى قايتىدىن ئوقۇي، چۈنكى، رىزىقنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىگە شۈبھە بىلەن قارىغان ئىنساننىڭ ئۇ رىزىقنى ياراتقۇچىسىغىمۇ شۈبھىسى بولىدۇ، - دەپتۇ.

قانائەتچان بولۇش پەيغەمبەرلەر ۋە اللهنىڭ ۋەلىي قۇللىرىنىڭ تۇتقان يولىدۇر. پەقەت مۆشۈنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا، قانائەتكە چىڭ ئېسىلىشىمىز كېرەك. ناھايىتى قىسقا بولغان دۇنيا ھاياتىدا قانائەتچان بولۇشنى تەرك ئېتىش، تەمەخورلۇق ۋە ھېرىسمەنلىك يولى بىلەن بىرمۇنچە گۇناھ ئىشلەش، بۇنىڭ بىلەن مەڭگۈلۈك تۇرالغۇ يېرى بولغان ئاخىرەت دۇنياسىدا زىيان تارتىش ئەقلى - ھوشى جايىدا بىر ئىنسان قىلىدىغان ئىش ئەمەس.

قانائەت قىلىش يولىغا كىرگەن ئىنسان قىسقا بىر مەزگىل خالىغىنىنى يەپ – ئىچەلمەسلىكى، خالىغىنىنى كىيەلمەسلىكى ۋە ئارزۇ قىلغان، ھەۋەس قىلغان نەرسىلىرىگە ئېرىشەلمەسلىكى مۇمكىن. بۇ خۇددى كېسەلدىن شىپا تېپىش ئۈچۈن دورىنىڭ ئاچچىقىغا چىداش كېرەكلىكىدەك بىر ئىش. ھېرىسمەنلىك ۋە تەمەخورلۇق كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يامان ئىشلاردىن پەقەت قانائەت ئارقىلىقلا قۇتۇلۇش مۇمكىن بولىدۇ.

**ئىككىنچى**، قانائەتنىڭ ئىككىنچى شەرتى بولسا، قولدا بارنى دىتلىق ۋە مۇۋاپىق ھالدا، تېجەشلىك بىلەن سەرپ قىلىشتۇر. لازىمى بولمىغان خىراجەتلەرنى قىلىشتىن قەتئىي

يىراق تۇرۇش لازىم. تۇرمۇشتا بۇ خىل يول تۇتقان كىشىلەر بالا - چاقىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش يولىدا ھېچكىمگە موھتاج بولماستىن، خۇشامەت قىلماستىن، يالغان سۆزلەپ ئۇنى بۇنى ئالدىماستىن ياشايدۇ. ھېرىسمەنلىك ۋە تەمەخورلۇق بالاسىدىنمۇ بۇ يول بىلەن قۇتۇلالايدۇ. شۇڭا، قانائەتتە تېجەشلىك بولۇشقا ئىنتايىن غەيرەت كۆرسىتىش كېرەك. ھەتتا بىر ھەدىس شەرىپتە: «تېجەشلىك بولغان ئىنسان پېقىر بولماس» دېيىلگەن.

ناۋادا، يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنماستىن، كۆزى كۆرگەننى ئالسا، ئىسراپچىلىق ۋە بۇزۇپ چېچىپ خىراجەت قىلىشقا يول ئاچقانلىق بولىدۇ. ئىسراپخورلۇق بىلەن باي بولۇش ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. پۇل تېپىش خەجلەشتەك ئاسان ئەمەس. ھالالدىن پۇل تېپىش يوغان قورام تاشنى ئىگىز بىر تاغنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىشقا ئوخشىسا، خەجلەش ئۇ تاشنى تاغدىن پەسكە قارىتىپ دومىلاتقانغا ئوخشايدۇ.

ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "بىرقانچە كۈن يېيىشكە يەتكىدەك ئوزۇقلۇقنى بىر كۈن ئىچىدە تۈگىتىۋەتكەن ئائىلىلەرگە نەپرەتلىنىمەن" دېگەن. بىر ئەرەب شائىرى:

پۇلۇڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، بۇزۇپ چاچما،
كۆزنىڭ گۆھىرى كۆز ئۈچۈن قۇۋۋەت،
ئىنسانىنىڭ مېلىمۇ ئىنسانغا قۇۋۋەت.



www.uyghurkitap.com

دېيىش ئارقىلىق تېجەشلىك بولۇشنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە مۇھىم ۋە قانچىلىك دەرىجىدە ياخشى ئىش ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. بۇ يەردە شۇنىمۇ قوشۇپ قويۇشىمىز كېرەككى، كىشى تېجەشلىك بولىمەن دەپ، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم-كېچەكنى قولدىن كېلىشىچە قىسىپ يۈل يىغىش يولىغا كىرىپ قالسا بولمايدۇ. بۇنداق قىلىش بېخىللىقتۇر. بېخىللىق بولسا، ناچار ئەخلاقتۇر، بولۇپمۇ، بالا - چاقىلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمىكىنى قىسىش ئەڭ چوڭ خاتالىقتۇر.

بۇرۇن بىر ئايال قازىغا ئەرز قىلىپ، ئېرىنىڭ يېمەك - ئىچمەكتىن قىسقانلىقىدىن شىكايەت قىلغان. قازى ئۇ ئادەمنى چاقىرىپ:

_ سەن بۇ ئايالنى نېمىشقا باقمايسەن؟ - دەپ سوراپتىكەن، ئۇ ئادەم:

_ قازىئاخۇنۇم! مەن كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە بېقىۋاتىمەن، ئەمما ئۇ ئۇنىڭدىن ئارتۇق تەلەپ قىلىدۇ، مەن ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلاشقا ئاجىزلىق قىلىۋاتىمەن، - دەپتۇ. قازى:

_ ئۇنداقتا، سېنىڭ كۈچۈڭ قانچىلىك نەرسىگە يېتىدۇ؟ - دېگەندە، ئۇ ئادەم:

_ قازىئاخۇنۇم! مەن پەقەت سۇنى جىق - جىق ئەكىلىپ بېرىمەن، ئەمما ئايالىم بۇنىڭغا رازى بولماي، سۇ بىلەن بىرلىكتە نان ئېلىپ كېلىشىمنى تەلەپ قىلىدۇ، - دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ناۋادا بىر ئادەم ئايالىنى بۇ شەكىلدە تەمىنلىسە، ئەلۋەتتە بۇنىڭغا ئايالى نارازى بولۇپلا قالماي، شۇ دۆلەتنىڭ قازىسىمۇ نارازى بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئائىلە ئەھلىگە يەنى بالا - چاقىلارغا خىراجەت قىلغان پۇل - مالنىڭ ساۋابى پېقىرغا ياكى باشقا يەرلەرگە بېرىلگەن سەدىقىنىڭ ساۋابىدىن كۆپتۇر» دېگەندى.

ھەسەن بەسرى (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)مۇ: "ياخشى تەدبىر قوللىنىش ۋە تېجەشلىك يولنى تۇتۇشنىڭ ئۆزىلا يېرىم بايلىقتۇر. مۇۋاپىق يەرلەرگە خىراجەت قىلغان ئازغىنا پۇل- مال ئىسراپخورلۇق بىلەن خىراجەت قىلىنغان بىرمۇنچە پۇل- مالدىن پايدىلىق ئىشلارغا يارايدۇ" دېگەن.

ئەفلاتۇنمۇ: "پۇل - مالنى بېخىللىق دەرىجىسىگە بېرىپ قالماستىن تېجەشلىك بىلەن خەجلەش ئاقىلانىلىقنىڭ ئالامىتىدۇر" دېگەن.

ناھايىتى ئىسراپخور بىر ئادەمنىڭ قىزى بىر كۈنى ئۆزىنى تۇتالماستىن دادىسىغا مۇنداق دېگەن: "ئى دادا! پۇل - مال تېجىشىنىڭ بالا - چاقىلىرىڭنىڭ باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. سەن پۇل - مېلىڭنى ئورۇنسىز يەرلەرگە بۇزۇپ چېچىۋاتىسەن، قولۇڭدىكىنى چىڭ تۇت، ئۆزەڭنىڭ قولىدىكى پۇل - مال ئازىيىشقا باشلىغاندا،

باشــقىلارنىڭ پۇلىغا كـۆز تىكىســەن، بۇنـداق كېتىۋەرســە، ئىشـنىڭ ئاقىۋىتى يامان بولىدۇ. بۇنى ھەرگىز ئۇنۇتما!“.

بـۇرۇن بىـر بـاي ئـۆتكەن بولـۇپ: ئىنســانلار مېنــى مەرتــكەن دەپ قالســۇن، - دەپ، قولــدىكى پــۇل - مېلىنـــى ھەر تەرەپــكە بۇزۇپ خەجلەشـكە باشـلاپتۇ. بـىرەر مېھمـان كەلسـە، دەرھـال بىـر قـــوي، قـــوي تاپالمىســـا، تـــۆگە ســـويىدىكەن. مەيلـــى قانـــداقلا بولمىســۇن، مېھمــاننى ئالاھــدە كۈتىۋالــدىكەن. ”يېتىـــپ يېىســە، تاغمۇ توشمايدۇ“ دېگەنـدەك، بىـر كـۈنى ئۇنىـڭ قولـدىكى مـال - دۇنياسى تۈگەپتۇ. قولـدا ھـېچ نەرسـە قالمـاپتۇ. ھەتتـا سـويغىدەك بىــرەر توخۇســى، پىشــۇرغىدەك بىــرەر تۇخۇمىمــۇ قالمــاپتۇ. ئەممــا ئۇنىـــڭ مېھماندوســتلۇقىنى ئاڭلىغـــان كىشـــىلەر يىـــراق يېقىنـــدىن ئۇنىـــڭ ئـــۆيىگە مېھمـــان بولـــۇپ كېلىشـــنى داۋام قىلىۋېرىپتـــۇ. ئاشـــۇ كۈنلەرنىـــڭ بىرىـــدە بىـــر تۈركـــۈم كىشـــىلەر كېلىپتـــۇ. ئـــۇ ئـــادەم مېھمانلارغـــا قويغىـــدەك بىـــرەر نەرسىســـى بولمىغـــانلىقتىن مېھمانلىرىنىـــڭ ئالـــدىغا چىقىشـــقىمۇ جـــۈرئەت قىلالمـــاپتۇ. مېھمانلارغا ئىشىك ئاچقان قىزى:

_ خاپـا بولمـاڭلار! دادام سـىلەرنى مېھمـان قىلالمايـدۇ، ھەتتـا ئـۇ مۇشـۇ سـەۋەبتىن سـىلەرنىڭ ئالـدىڭلارغا چىقالمايـدۇ، - دېيىشـكە مەجبـۇر بولۇپتـۇ. شـۇنداق، چىقىملىرىنـى كىـرىمگە قارىتـا قىلمايـدىغان ئىسـراپخور ئىنسـانلار ئـاخىرى مۇشـۇنداق قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

بۇرۇنقى زامانلاردا ئاياللار ئەرلىرىنىڭ قىيىن ئەھۋاللارغا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ھەممە نەرسىنى ناھايىتى تېجەشلىك بىلەن سەرپ قىلاتتى. خىراجەتلىرىگە ئىنتايىن دىققەت قىلاتتى. ئەتىگەنلىسى ئەرلىرىنى ئۇزاتقىچە: ”ئۆتۈنۈپ قالاي بېگىم! تاپىدىغان پۇل - مېلىڭىزغا ھەرگىزمۇ ھارام ئارىلىشىپ قالمىسۇن. ئاچ قالساق سەۋر قىلالايمىز، ئەمما دوزاختا كۆيۈشكە تاقەت قىلالمايمىز“ دەپ، ئاگاھلاندۇرۇش قىلغان ھالدا ئۇزىتىپ قوياتتى.

قانائەتچانلىق بىلەن ياشاشنى ئۆزىگە پىرىنسىپ قىلغان بىر ئەرنىڭ مىڭ جاپادا تاپقان پۇل – مېلىنى ياكى ئۆيدىكى دەپ - دۇنياسىنى دىتى بىلەن ئىشلەتمەستىن، بۇزۇپ چاچقان، زايە قىلىۋەتكەن، ئۇچرىغانلا نەرسىنى ئەخلەتكە تاشلىغان، شۇنداقلا، يەيدىغان، ئىچىدىغان ۋە كىيىدىغان نەرسىلەرنى ياراتمايدىغان ئايال بىلەن ھايات كەچۈرۈشى ئىنتايىن تەس. بۇ، خۇددى بىرى ئەگرى، يەنە بىرى تۈپتۈز ئىككى ياغاچنى بىر يەردە تۈپتۈز تۇرۇشنى تەلەپ قىلغاندەكلا ھەرگىز مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. ئىسراپخور بىر ئايال ئۆزىگە ئوخشاش ئىسراپخور ئەر بىلەنمۇ بىرگە ياشىيالمايدۇ. چۈنكى، ئەگرى ئىككى دەرەخنىڭ بىر - بىرى بىلەن جىپسىلىشىپ يان - يانغا تۇرۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

ئىسراپخور بىرىنىڭ سۆزىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتمۇ تۇغرىلىقتىن يىراق. بۇنداق خاراكتېردىكى ئايال

بىلەن ياشاش بولسا، دوزاخ ئازابىنى ياشىغان بىلەن ئوخشاش. گەرچە ئۇ ناھايىتى ئىقتىدارلىق ئايال بولغان تەغدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوسال مىجەزىنىڭ دەردىنى ھېچكىم تارتىپ بولالمايدۇ.

بۇ زامانلاردا، تۇرمۇش قۇرماقچى بولغان بىرىنىڭ ئالدى بىلەن بايلىقى ۋە مال - مۈلكى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ. ناۋادا باي بىرى بولسىلا، باشقا تەرەپلىرىگە ئانچە ئېتىۋار بېرىلمەيدۇ. بۈنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۈگۈنكى نۇرغۇن ئائىلىلەر دۇنيا نېمەتلىرىگە ئەھمىيەت بەرمەكتە. ھالبۇكى، قىزىغا مەڭگۈلۈك سائادەتنىڭ ئاچقۇچىنى بېرىشنى ئۈمىد قىلغان ئۈممامە جىگەر پارىسى بولغان بالىسىغا ئالدى بىلەن قانائەت ئىگىسى بولۇشنى تەۋسىيە قىلغان.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىنگى ئادرېسى



# ئېرىگە ئىتائەت قىلىش

ئۇمامەنىڭ قىزىغا قىلغان ئىككىنچى نەسىھىتى بولسا: ”ئېرىڭنىڭ سۆزلىرىنى ھەمىشە قۇلاق سېلىپ تىڭشا ۋە ھەر ۋاقىت ئىتائەتكار بول!“ دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بىر ئايالنىڭ دىنىي جەھەتتىن ئىتائەت قىلىنىشى توسۇلمىغان ھەر ئىشتا ئېرىگە ئىتائەت قىلىشى لازىم. چۈنكى، ئەرلەرنىڭ ئاياللار ئۈستىدە ئۈرغۇنلىغان ھەقلىرى بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئېرىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ئايال، ئۆلگەندە جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەن ھەدىسى ئارقىلىق ئىتائەتچان ئاياللارغا مەڭگۈلۈك مۇكاپاتتىن خۇش بېشارەت بەرگەن.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنىڭدىن باشقا ھەدىس شەرىپلەردە يەنە: «بىر ئايال بەش ۋاخ نامىزىنى ئوقۇسا، رامىزان روزىسىنى تۇتسا، ئىپپەت - نومۇسىنى ساقلىسا ۋە ئېرىگە ئىتائەت قىلسا، پەرۋەردىگارىنىڭ جەننىتىگە كىرىدۇ»؛ «مەن بىرىنى يەنە بىرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇسام، ئەرلەرنىڭ ئاياللار ئۈستىدىكى ھەقلىرى سەۋەبىدىن ئاياللارنى ئەرلىرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرىغان بولاتتىم» دېگەن.

بىز يۇقىرىقىلاردىن ئەرلەرنىڭ ھەقلىرىنىڭ قانچىلىك نەقەدەر چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئىسلام دىنى

ئاياللارنىڭ ئىبرىگە ئىتائەت قىلىشىغا شۇ دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنكى، ناۋادا بىر ئايال نەپلە روزا تۇتماقچى بولسا، ئىرىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىشى لازىم. پەقەت قوشنىلىرىنىڭ ئۆيىگە، بازارلارغا بېرىش ئۈچۈنلا ئەمەس، ھەتتا مەسجىدكە بارماقچى بولسىمۇ، ئېرىدىن سورىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىس شەرىپتە: «ئېرىدىن رۇخسەتسىز بازارغا چىققان ئايالغا، تاكى ئۇ ئۆيىگە قايتقانغا قەدەر پەرىشتىلەر لەنەت ئوقۇيدۇ» دېگەن.

بىر قېتىم ئاياللار بىر يەرگە توپلىنىپ، ئارىلىرىدىن بىرىنى ۋەكىل قىلىپ تاللايدۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر مەسىلە ھەققىدە سوراپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. ئۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

_ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئاياللارغا ۋاكالىتەن سىزنىڭ ئالدىڭغا كەلدىم، الله تائالا جىھادنى ئەرلەرگە پەرز قىلدى، ئۇلار غازاتلاردا غەلىبە قىلسا ھەم ساۋابقا ھەم غەنىمەتلەرگە ئېرىشىدۇ. شېھىت بولسا، الله دەرگاھىدا تىرىك ھالدا رىزىقلاندۇرۇلىدۇ. بىز ئاياللارغا كەلسەك، ئەرلەرنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىنى قىلىپ، ئۇلارغا ياردەم قىلىمىز. بۇ ئەھۋالدا، بىزنىڭ مۇكاپاتىمىز قانداق بولىدۇ؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

_ سىز ئۇچراشقان ھەربىر ئايالغا شۇنى ئېيتىڭكى، ئېرىگە ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلىش الله يولىدا

جىھاد قىلىش بىلەن ئوخشاش بولىدۇ (يەنى الله يولىدا جىھاد قىلغان كىشىنىڭ ئەجرىنى ئالىدۇ). ئەمما بۇنى ئىچكىلاردىن ناھايىتى ئاز بىر قىسىمىلار ئورۇنلىيالايسىلەر» دەپ جاۋاب بەردى (تەبەرانى رىۋايەت قىلغان).

## خۇلاسە

ئۇلۇغ اللهنىڭ رازىلىقىغا مۇۋاپىق ھەرقانداق ئىشتا ئېرىگە ئىتائەت قىلىش شەرتتۇر. اللهنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئېرى بىلەن ياخشى ئۆتۈشكە تىرىشقان ئايال ئېرىنىڭ گېپىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىشى ۋە بۇيرىغانلىرىنى دەرھال ئورۇنلىشى لازىم.

مەشھۇر ئەرەب ئەدەبىياتچىسى ئەسمۇئى بىر كۈنى يولدا كېتىۋېتىپ بىر جۈپ ئەر - ئاياللا ئۇچراپ قاپتۇ. ئايال ئۇ قەدەر چىرايلىق، ئېرى بولسا پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئەكسىچە ناھايىتىمۇ بەت - بەشرە ئىكەن. ئەسمۇئى ئايالغا:

_ ۋاي خېنىم! ساڭا مىڭ ئەپسۇس، سەن قانداق قىلىپ ئۇ ئادەم بىلەن توي قىلىپ قالغانسەن؟ ئۇنىڭ بىلەن قانداق بىرگە ياشايسەنكىن؟ - دەپتۇ. ئۇ ئايال:

_ ئاغزىڭنى يۇم! نېمانداق تېتىقسىز گەپلەرنى قىلىپ يۈرىسەن! كىم بىلىدۇ؟ بەلكىم ئېرىم اللهنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن بىرى بولۇشى، الله تائالا ئۇنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن مېنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان بولۇشى ياكى مەن بىر گۇناھ قىلغان،

شۇنىڭ بىلەن الله مېنى بۇ ئادەم بىلەن تۇرمۇش قۇرغۇزۇپ، مېنى جازالىغان بولۇشى مۇمكىن. بىز اللهنىڭ تەقدىرىنى قانداقمۇ بىلەلەيمىز ۋە تەقدىرگە قانداقمۇ قارشى چىقالايمىز؟ - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. مانا مۇشۇنداق قەلب كۆزى ئوچۇق ئاياللار نېمىدېگەن بەختلىك - ھە!

يەنە بىر تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بەزى ئاياللار ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى ياكى بايلىقىغا ئىشىنىپ، ئېرىگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىدۇ. ئېرى بولسا، ئائىلىسىنىڭ بۇزۇلماسلىقى ئۈچۈن سەۋر قىلىدۇ. بۇنداق ئايال اللهنىڭ رازىلىقىغا ئۇيغۇن بولمىغان ئىش - ھەرىكەتلىرى سەۋەبىدىن ھېساب بېرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىتائەت قىلىشتا ئەرنىڭ ئايالى ئۈستىدىكى ھەققى، مېنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستىڭلاردىكى ھەققىم بىلەن ئوخشاشتۇر» دېگەن.

ئىنسانىنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى بىلىشى ئۇ قەدەر ئېسىل پەزىلەت بولسا، ئۇنى بىلمەسلىكمۇ ئۇ قەدەر قەبىھ ئىش بولۇپ، ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. مەيلى ئايال ياكى ئەر بولسۇن، ھەر ئىككىلىسى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى بىلىشى ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىنى ئۇنىڭغا قارىتا ئېلىپ بېرىشى لازىم. ئەر ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىدى دەپ، ئايالنىڭمۇ ئۇنىڭغا قارىتا ۋەزىپىلىرىنى تاشلاپ قويۇشى ئارتۇقچىلىق ئەمەس. ئەسلى ئارتۇقچىلىق مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلمىغانلارغىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنى تەسىرلەندۈرۈش كېرەك.

بىر ھەدىس شەرىپتە: «ئايال ئېرىنىڭ بوزەك قىلىشىغا ۋە زۇلمىغا چىداپ سەۋر قىلسا، الله تائالا ئۇنىڭغا ئاسىيە ئانىمىزغا نېسىپ قىلغان ساۋابنى بېرىدۇ» دېيىلگەن. بۇ پەزىلەتكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ھەمىشە ياخشىلاردىن ئۈلگە ئېلىش كېرەك. باشقىلارنىڭ ئىنساننى يامانلىق يولىغا يۈزلەندۈرىدىغان سۆزلىرىگە ھېچ قۇلاق سالماسلىق لازىم.

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## تازىلىق

ئۇمامەنىڭ ئۇچىنچى ۋە تۆتىنچى نەسىھەتلىرىدە تۆۋەندىكىلەر تەۋسىيە قىلىنغان: ”ئېرىڭنىڭ كۆزى چۈشىدىغان ھەممە يەرگە دىققەت قىل ۋە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەر. ئۇنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنىدىغان بىرەر نەرسىنىڭ ئىلىشىپ قېلىشىدىن ساقلانغىن. سېسىق پۇراق چىقىش ئېھتىمالى بولغان نەرسىلەر ۋە يەرلەرگە دىققەت قىل، ئۇلارنى ئىزدەپ تېپىپ تازىلا. ئۆيىڭدىن ھەمىشە خۇشبۇي پۇراق چىقىپ تۇرسۇن“.

ئايال ئۆزىنىڭ ئۇستى بېشىنى ۋە ئۆيلىرىنى پاكىز تۇتۇشى، ئېرىنى سەسكەندۈرۈپ قويىدىغان ئەھۋاللاردىن يىراق تۇرۇشى لازىم. ھەرقانداق ئادەم پاكىزلىقنىڭ گۈزەللىك ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەڭ مەينەت ئىنسانلارمۇ پاكىز يەرلەرگە ھەۋەسلىنىپ قارايدۇ. گەرچە بەزى ئىنسانلار ئۆزلىرى مەينەت بولغان تەقدىردىمۇ، باشقا بىر مەينەت ئادەمنىڭ قولىدىن بىر نەرسە يەپ – ئىچىشنى خالىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاياللارنىڭ ئەڭ ئالدى بىلەن ئېتىۋار بېرىشى كېرەك بولغان نەرسە پاكىزلىقتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاياللارنىڭ ئەڭ خەيرلىكى يۈيۈنۈپ پاكىز يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن ۋە خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىدىغان ئاياللاردۇر» دېگەنىدى.

بۇ ھەدىس شەرىپتە ئاياللارنىڭ ئەرلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشى ئۈچۈن ھەر ۋاقىت پاكىز يۈرۈشلىرى، خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىشى ۋە دىنىي جەھەتتىن گۈزەل بولغان نەرسىلەر بىلەن زىننەتلىنىشى لازىملىقىنى بىلدۈرمەكتە. شۇڭا، ئاياللارنىڭ ئەرلىرى ئۈچۈن كىيىنىپ ياسىنىشلىرى ئۇلارنىڭ تەقۋادارلىقىغا توسالغۇ بولمايدۇ. ئاياللار ئەرلىرىنىڭ سۆيگۈ – مۇھەببىتىنى قولغا كەلتۈرۈشتە پەقەت گۈزەللىكلىرىگىلا قاراپ قالماسلىقى كېرەك. چىرايلىق كىيىنىشى، ياسىنىشى، يۈيۈنۈپ تارىنىشى ۋە خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىشى، ئۆزىنى تاشلىۋەتمەسلىكى، مەينەتچىلىك ۋە رەتسىزلىكتىن ساقلىنىشى لازىم. بۇلارنى تۆرگە ئايرىپ چۈشەندۈرۈشكە توغرا كەلسە، تۆۋەندىكىلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ:

1 ـ ئەرلىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشى كېرەك.

2 ـ ئەرلىرىنىڭ پىكىرلىرىگە زىت ھەرىكەت قىلماسلىقى كېرەك.

3 ـ ئېرى خۇشال بولغان چاغدا خۇشال بولۇشى، كۆڭلى يېرىم بولغان چاغدا كۆڭلى يېرىم بولۇشى لازىم.

4 - ئېرى ئۆيگە قايتىدىغان ۋاقىتتا، ياسىنىپ تارىنىپ ئۇنىڭغا چىرايلىق كۆرۈنۈشكە تىرىشىشى كېرەك.

بۇ مەسىلە «تۆھفەتۇلئارۇس» ناملىق كىتابتا مۇنداق يېزىلغان: ”ئاياللار ئەرلىرىنىڭ ئالدىدا كۆرۈمسىز يۈرمەسلىكى لازىم. يۈزلىرىنى پاكىز ۋە گۈزەل كۆرسىتىشكە ئەھمىيەت بېرىشى، چىشلىرىنى چوتكىلاپ ئاقارتىشى، ئېرى ياخشى كۆرىدىغان كىيىملەرنى كىيىپ، خۇشبۇي نەرسىلەرنى سۈرتۈپ كۈتۈۋېلىشى لازىم“.

دېمەك، ئاياللار ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئەرلىرى ئىشقا ماڭغاندا ئۇلارنى خۇشچىراي ئۇزىتىپ قويۇشى ۋە خەيرلىك دۇئا قىلىشى، شۇنداقلا، ئاخشىمى ئۆيگە قايتقاندىمۇ خۇشچىراي قارشى ئېلىشى ۋە ھال - ئەھۋال سورىشى لازىم.

## خۇلاسە

ئاياللارنىڭ ئەرلىرىنىڭ ئالدىغا چىرايلىق كىيىنىپ ۋە ياسىنىپ چىقىشى كېرەكلىكى ئوچۇق كۆرسىتىلگەن. بىراق، بەزى تۈردىكى ياسىنىشقا دىنىمىز رۇخسەت قىلمايدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 - يالغان چاچ ئىشلىتىش جايىز ئەمەس. بۇ خىل چاچلار يا ئۆلگەن ئاياللارنىڭ چاچلىرى ياكى بولمىسا پىلاستىكتىن ياسالغان سۈنئىي نەرسىلەردۇر.



www.uyghurkitap.com

2 ـ پەقەت مــودا بولغــانلىقى ئۈچــۈنلا ئېلىنغــان قىمــمەت باھالىق ۋە ئەرزىمەس نەرسىلەرنى ئىشلىتىش ئىسراپچىلىقتۇر.

3 ـ ئايــاللار يــۈزىگە گــرىم قىلىــپ ســرتقا چىقماســلىقى لازىــم. ئەســلىدىمۇ گــرىم بويۇملىرىنىــڭ تەركىۋىــدىكى خىمىيىلىــك مــاددىلار ئــۈنى ئىشــلەتكەنلەرنىڭ تېرىلىــرىگە تەدرىجــي زىيــان قىلىــپ، ئەســلىدىكى مــۇدەتتىن بــۇرۇن قېرىشــنى كەلتــۈرۈپ چىقىرىــدۇ. شــۇنداقلا، كەســلاتالىق مــاددىلار يــالغۇز يــۈز تېرىســىگىلا ئەمەس، بەلكــى بەدەننىــڭ باشــقا ئەزالىرىغىمــۇ ئېغىــر دەرىجىــدە زىيــان قىلىــدۇ. ســالامەتلىككە زىيــانلىق نەرســىلەر دىنىمىــزدا چەكلىنىــدۇ. قارايــدىغان بولســاق، گــرىم قىلغــان ياۋرۇپــالىق ئاياللارنىــڭ يــۈزلىرى قېرىغانــدا قــۇرۇق بېســىپ كەتكەنلىكــتىن قارىغۇســىز ھالغــا كېلىــپ قالســا، گىرىمنىــڭ نــېمە ئىكەنلىكىنــى بىلــمەي ياشــىغان مۇســۇلمان موماي ىلارنىــڭ يــۈزلىرى شۇنچىلىك مېھرىلىك.

4 ـ ئايــاللار ئەرلەرنىــڭ كىيىملىرىنــى كىيمەســلىكى لازىــم. چــۈنكى پەيغەمــبەر ئەلەيھىســســالام: «ئاياللارنىــڭ كىيىمىنــى كىــيگەن ئەرلەر ۋە ئەرلەرنىــڭ كىيىمىنــى كىــيگەن ئايــاللار ﷲنىــڭ رەھمىتىدىن يىراق بولسۇن!» دەپ، بەتدۇئا قىلغان.

ئەرلەر ئاياللارنىـــــڭ، ئايـــــاللار ئەرلەرنىـــــڭ كىيىمىنـــــى كىيگەنىــدە، جەمئىيــەت قۇرۇلمىســىغا ئېغىــر دەرىجىــدە زىيــان ئېلىــپ كېلىــدۇ. ئەر ـ ئايــاللار جەمئىيەتــتە ئــۆزلىرىگە بېــرىلگەن ئىلاھىي ۋەزىپىلىرىنــى ئــۆز لايىقىــدا ئىپادىلىشــى ئۈچــۈن ئــۆزلىرىگە

خـــاس بولغـــان ســـۈپەتلىرىنى ۋە كىملىكلىرىنـــى يوقىتىـــپ قويماسـلىقى لازىـم. شـۇ سـەۋەبتىن، ئايـال ئايالـدەك، ئەر ئەردەك بولۇشى ۋە كۆرۈنۈشى كېرەك.

5 - ئايـــاللار پەقەتـــلا ئەرلـــەرى ئۈچـــۈن زىننەتلىنىشـــى، ياســـىنىپ تارىنىشـــى، زىبـــۇزىننەتلىرىنى نـــامەھرەم ئەرلەرگە كۆرسەتمەسلىكى لازىم.

## دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلار!

نۇرغۇنلىغـــان ئايـــاللار تـــوي – تۆكـــۈن، نەزىـــر - چـــىراغ ۋە سـەيلە - سـاياھەتكە ئەڭ چىرايلىـق كىيىملەرنـى كىيىـپ بېرىشـقا ئـۇ قەدەر ئەھمىـيەت بەرگىنـى بىـلەن، ئۆيلىرىـدە ئـۆزلىرىگە هـېچ پەرۋا قىلماســتىن يۈرىــدۇ. ئەڭ چىرايلىــق كىيىملىرىنــى بولســا، سىــرتقا چىققانــدا كىيىــدۇ. ئــۆيگە كەلگەنــدە، ئــۇ چىرايلىــق كىيىملىرىنــى دەرھــال كىــيىم ئىشـكابىغا ئېســىپ قويىــدۇ. ئۇنىــڭ ئورنىغا، كىر بولۇپ كېتىشىنى خالىمايدۇ.

بۇنـــداق ئايـــاللار شـــۇنى ئويلىشـــى كېرەككـــى، ئۇلارنىـــڭ ئەرلىـــرى ھەر كـــۈنى كوچىـــدا زىننەتلىنىـــپ قوچـــاقتەك ياســـانغان نۇرغۇنلىغـــان ئايـــاللارنى كۆرگەنـــدىن كېـــيىن ئـــۆيگە قايتىـــدۇ. ئۇلارنىـڭ كـۆزلىرى، كـۆڭلى ۋە بەدىنـى هېرىـپ چارچىغـان بولىـدۇ. ئايالىنىڭ خـۇش چىرايـى، شـېرىن سـۆزلىرى ۋە تېخىمـۇ نازاكەتلىـك كۆرســـتىدىغان چىرايلىـــق كىيىملىرىنـــىڭ ئىچىـــدىكى قـــامىتى ئېرىنىـــڭ ھـــارغىنلىقىنى چىقىرىشـــىغا پايـــدىلىقتۇر. ئـــۆمەر

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ”مەن ئايالىمنى مېنىڭ كىر - قاتلىرىمنى يۇيۇپ، بالىلىرىمنى باقىدىغانلىقى ۋە گۇناھ بىلەن مېنىڭ ئارامدا پەردە بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن. ئۇ مېنىڭ گۇناھ ئىشلىمەسلىكىمگە سەۋەبكار بولىدۇ“ دېگەنىدى. ئەرلەرنىڭ گۇناھلارغا يېقىنلىشىپ قالماسلىقىغا ئاياللارنىڭ ئۆي ئىچىدىكى يۈرۈش - تۇرۇش ۋە كىيىنىشلىرى سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

ئاياللار ئۆي ئىچىدىكى ياسىنىشى ۋە زىننەتلىنىشىدە ئېرىنىڭ مەيلىگە قارىتا ئىش تۇتۇشى كېرەك. ئېرىم ئۈچۈن ياسىنىمەن دەپ، ئېرى ياخشى كۆرمەيدىغان شەكىلدە ياسىنىشى ۋە مودا دەپ، قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى تاللاش ئارقىلىق ئېرىنى ۋە ئائىلىنى ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچرىتىشى بىھۇدە ئاۋارىچىلىق بولۇپ، بۇنداق قىلىش بىلەن ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئالالمايلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىمۇ بىئارام قىلىۋالىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاياللار سىرتقا چىققاندا ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولۇشى لازىم. يېرىم يالىڭاچ كىيىملەرنى كىيىپ سىرتلاردا ئايلىنىپ يۈرگەن ئاياللارنى ئەقلى - ھوشى جايىدا ھېچقانداق ئەر ياخشى كۆرمەيدۇ. ﷲتىن قورقمايدىغان بەزى نامەرت ئىنسانلار بۇنداق ئاياللار بىلەن ئانچە - مۇنچە كۆڭۈل ئېچىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇلارمۇ ئۇنداق ئاياللارنى ئايالى سۈپىتىدە ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. شۇڭا، ئۆيدە ھۇزۇرلۇق

ھايات كەچۈرۈشنى خالايدىغان ھەرقانداق ئايال قىممەتلىك ۋۇجۇدىنى ھارام كۆزلەردىن ساقلاش ئۈچۈن ئۇ خىلىدىكى كىيىملەرنى كىيىپ سىرتلارغا چىقىشتىن ساقلىنىشى لازىم.

نومۇسىنى قوغداش ئۈچۈن ھەتتا جېنىنى ئاتاشقا تەييار تۇرىدىغان ئەر ئايالىنىڭ يېرىم يالىڭاچ كىيىملەرنى كىيىپ، سىرتلاردا باشقا ئەرلەرگە كۆرۈنۈشىنى قانداقمۇ قوبۇل قىلالايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدىكى ئائىلىدە ئۇرۇش - جېدەل ھەرگىز تۈگىمەيدۇ. ھەتتا ئۆلۈنگىدىنمۇ ئېغىر ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشى ئېنىق.

ئىسپانىيىلىكلەرنىڭ ئىشغالىغا ئۇچرىغان ئەندۇلۇس ئاياللىرى ئىپپەت - نومۇسلىرىنى ئىسپانىيىلىكلەرنىڭ ئاياق – ئاستى قىلىشىغا ھەرگىز يول قويماسلىق ئۈچۈن كوللىكتىپ ھالدا ئۆلۈمنى تاللىغان. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى زامانىمىزدىكى ئاياللار ئۈچۈن نېمىدېگەن جانلىق ئۈلگە - ھە!

ئۆزىنىڭ ئار - نومۇسىنى قوغدىمايدىغان ئايال قانچىلىك گۈزەل بولسا بولسۇن، ئېرى يەنىلا ئۇنىڭغا نەپرەتلىنىدۇ. بۇنداق ئايالدىن ئايرىلىش ئەر ئۈچۈن بىردەملىك ئىشتۇر.

بىر ئايالنىڭ ئار - نومۇسىنى ساقلىشى ھەرگىزمۇ ئېرىدىن قورققانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى اللهتىن قورققانلىقى ئۈچۈن بولۇشى كېرەك. ھايا قىلىش ۋە خىجىل بولۇش شۇنداق ئېسىل پەزىلەتكى، ئۇ، كەم ئۇچرايدىغان گۆھەرلەردىن ياسالغان،

ئاياللارنىــڭ بېشــىغا قويۇلغــان تاجغــا ئوخشــايدۇ. بۇنــداق ئايالغــا ھەرقانداق ئادەم ھەيرانلىق ۋە ھۆرمەت بىلەن نەزەر سالىدۇ.

ئادەملەر ئارىستوتىلنىڭ قىزىدىن:

_ ئايــاللاردا ئىنســاننى جەلــپ قىلىــدىغان قايســى تەرەپــلەر بار؟ - دەپ سورىغاندا، قىز ئۇلارغا:

_ ھايــا قىلغــانلىقى ســەۋەبىدىن يۈزىــدە ئەكــس ئەتــكەن قىزىللىق، - دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.

بىــز يەنە ئەســلى مەقســەتىمىزگە كەلســەك، پــاكىزلىق ھەممە ئــادەمگە مەلــۇم بولغىنىــدەك، پەقەتــلا كىــر - قــات، قاچــا - قــۇچىلارنى يۇيۇشــلا ئەمەس، بەلكــى پاكىزلانغــان نەرســىلەرنى پاكىز ساقلاشمۇ پاكىزلىقنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىندۇر.

خــۇددى ئــۆردەكلەردەك، بىــر پــۇتى ســۇدا، يەنە بىــر پــۇتى لايــدا بولۇشــى ھەرگىزمــۇ پاكىزلىقنىــڭ ئــالامىتى ئەمەس. بىــر ئۆيىنىــڭ يۇيۇلغــان كىــر - قــاتلىرى ۋە تــازىلىقىمۇ شــۇنىڭغا ئوخشــاپ كېتىــدۇ. يەنــى يۇيۇلغــان كىــيىملەر ۋاقتىــدا قاتلىنىــپ يىغىــپ قويۇلماســتىن، ئــۇ يەر بــۇ يەردە چېچىلىــپ، دەسســىلىپ كىيىلمەســتىنلا مەيــنەت بولســا، تازىلانغــان بىــر ئۆيىنىــڭ رەتلىــك پــاكىز تۇرۇشــىغا ئەھمىــيەت بېرىلمىســە، كۈنــدە كىــر - قــات يۇيۇلســىمۇ، ئــۆي كۈنــدە تازىلانســىمۇ، ئەھمىيىتــى بولمايــدۇ. بــۇ يەردە ھەم ۋاقىت ھەم كۈچ ئىسراپچىلىقى يۈز بېرىدۇ.

ئۇنــداق بولغــانىكەن، ھەقىقــي پــاكىزلىق پاكىزلانغــان نەرســىنىڭ پــاكىز پېتــى ئــۇزۇن ساقلىنىشــىدىن ئىبــارەتتۇر.

پاكىزلانغان نەرسە يېرىگە قويۇلغاندىن كېيىن، ۋاقتى كەلگەندە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشلىتىلىشى لازىم. بىر ئۆيدە ھەربىر نەرسىنىڭ مۇئەييەن ئورنى بولۇشى ۋە ئۆز ئورنىدا ساقلىنىشى كېرەك. ئۆيدىكى نەرسىلەر خۇددى كۆرگەزمىچىنىڭ بوخچىسىدەك، ئۇ يەر بۇ يەردە سوزۇلۇپ تۇرسا، ئۇ ئۆينىڭ ئۆي دېگىدەك ھالى قالمايدۇ، شۇنداقلا، ئۇ ئۆيدىن بىر نەرسە ئىزدەپ تېپىشمۇ تەس بولىدۇ. بۇنداق ئۆيدە ئېلىپ بېرىلغان تازىلىقنىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئاشخانىدا قازان - قومۇچ يەرلەردە يېيىلىپ تۇرماسلىقى، تاماق ئېتىلىپ بولغاندىن كېيىن ياكى يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، قاچا - قۇچىلار دەرھال يۇيۇلىشى ۋە ھەر نەرسە ئۆز ئورنىغا جايلاشتۇرۇلۇشى ۋە قازان - قومۇچلارنىڭ ئۈستىلىرى پاكىز نەرسىلەر بىلەن يېپىلىشى لازىم. ئاشخانا بىر ئائىلىنىڭ پاكىز ياكى مەينەتلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئەڭ مۇھىم يەردۇر. نۇرغۇنلىغان ئاياللار كېلىپ - كەتكەنلەردىن خىجىل بولۇپ بولسىمۇ، ئۆيلىرىنى يىغىشتۇرۇپ رەتلەپ قويىدۇ – يۇ، ”كىم قارايتى؟“ دېگەن خىيال بىلەن، ئاشخانىسىنى دائىم رەتسىز تاشلاپ قويىدۇ. بۇنداق ئاياللار ھېچكىم كۆرمەيدىغۇ، دېگەن ئوي بىلەن، كىر بولۇپ كەتكەن ئىچ كىيىملىرىنىمۇ ئالماشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. بۈگۈنكى زاماندا، كېلىن سوراپ كېلىدىغان ئاياللارنىڭ

ئالدى بىلەن قىزنىڭ ئاشخانىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئادىتى بار ئىدى.

ئاياللار پاكىزلىقنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ھەر يەرنى ئوخشاش پاكىز تۇتۇشقا دىققەت قىلىدۇ. ئىنسان بەزىدە: ــ بۇنىڭ نېمىگە زىيىنى بولاتتى، ھازىرچە مۇشۇنداق تۇرۇپ تۇرسۇن، - دەيدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن رەتسىزلىك، قالايمىقانچىلىق ۋە مەينەتچىلىك ئادەتتىكىدەك كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئەتراپىنىڭ پاكىز بولۇش بولماسلىقى ئۇنىڭغا ھېچ تەسىر قىلماس بولۇپ قالىدۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆي ئىچىنى ئىدارە قىلىشنى ئۈستىگە ئالغان ئايال ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە دىققەت قىلىپ، ئۆيدىكى نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى، تەرتىپلىكلىكىنى، تازىلىقىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، بوزۇلغانلارنى تۈزىتىشى لازىم. باللارغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. چۈنكى ئۇلار كىچىكىدە قانداق ئۆگىتىلسە، شۇ ئادەت بويىچە چوڭ بولىدۇ. ئۇلار ئەتىگەنلىسى ئورنىدىن تۇرغاندا، ئورۇنلىرىنى رەتلەش، چىشلىرىنى چوتكىلاش، رەتلىك ۋە پاكىز كىيىنىشكە ئادەتلەندۈرۈش قاتارلىق ئىشلىرىغا ئاتا - ئانىلار ياردەم قىلىشى لازىم.

ئىمام غەززالى پەرزەنت تەربىيىسىگە ئائىت بىر ئەسىرىدە: ”پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش ئىنتايىن مۇھىم ئىشلاردىن بىرىدۇر. پەرزەنت ئاتا - ئانىنىڭ قولىدىكى

نۇقۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېشقەدەم تور بېكىتى ئادرېسى

ئامانەت. ئۇنىڭ كۆڭلى پاك – پاكىز بولۇپ، پارقىراق گۆھەرگە ئوخشايدۇ. نېمىنى قانداق ئۆگەتسەڭ، ئۇنى شۇ پېتى ئۆگىنىدۇ. ئۇنى قانداق خالىساڭ، شۇنداق يېتىشتۈرەلەيسەن. ئەگەر ياخشىلىققا، توغرىلىققا يۈزلەندۈرسەڭ، شۇ تەرەپكە ماڭىدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ. ئۇنى مۇشۇنداق تەربىيىلىگەنلەرمۇ، ئۇ ئېرىشكەن ساۋابقا ئورتاق بولىدۇ. ناۋادا پەرزەنتلەر يامانلىققا ئادەتلەندۈرۈلسە، ھايۋانلارنىڭدەك باشباشتاق قويۇۋېتىلسە، بۇزۇق يوللارغا كېتىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ گۇناھىنى بۇ يولغا مېڭىشقا سەۋەبچى بولغانلار تەڭ تارتىدۇ“ دەپ يازغان.

ئۇلۇغ الله بىر ئايەت كەرىمدە: ﴿ئى مۇئمىنلەر! ئۆزەڭلارنى ۋە بالا - چاقاڭلارنى دوزاختىن ساقلاڭلار!﴾ (سۈرە تەھرىم، 6 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دەيدۇ.

بىر دادا ئائىلە رەئىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بالا – چاقىلىرىغا ۋە ئايالىغا ئىگە چىقمىسا، توغرا بىلەن خاتانى كۆرسىتىپ بەرمىسە، ئۇلارنىڭ ياخشى بەندە بولۇشى ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە تەدبىر ئىشلەتمىسە، پەرۋەردىگارى اللهنىڭ يۈقىرىقى ئەمرىنى ئورۇنلىمىغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسان ئائىلىسىگە توغرا بىلەن خاتانى، ياخشى بىلەن ياماننى ۋە گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆگىتىشى، ناچار ئىنسانلار بىلەن پاراڭلىشىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلار بىلەن دوستلۇق ئورنىتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىم.

پەرزەنتلەر چوڭ بولۇپ يېتىشكەنسېرى بەزى ئۆزگىرىشلەردىن خىجىللىق ھېس قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇلاردىكى بۇ خىجىللىق ئۇنىڭدىكى ئەقلىنىڭ نۇرى بىلەن ھاسىل بولىدۇ. بۇ، بالىنىڭ ھەقىقەت ۋە تەربىيەدىن نېسىۋىسى بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى، اﷲنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن ئىنئامى ۋە نېمىتىدۇر، كەلگۈسىدە ئۇنىڭ قەلبىنىڭ پاك، ئەخلاقىنىڭ گۈزەل بولىدىغانلىقىغا دائىر خۇش بېشارەتتۇر. بۇنداق بالىلار بالاغەتكە يەتكەن چاغلىرىدا ئەقلى تولۇق توشقان بولىدۇ. بۇ خىل ئىشارەتلەر بىلەن كەلگۈسى ئۈچۈن ئۈمىد نۇرى بولغان پەرزەنتلەرنى ھەرگىزمۇ ئۆز مەيلىگە قويىۋەتمەسلىك كېرەك.

بالىلارنىڭ ئەڭ دەسلەپ يېتىلىدىغان ئارزۇ ۋە تەلەپلىرى ئۇلارنىڭ يەپ - ئىچىشكە بېرىلىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ تەلەپلىرىنى ئورۇنلىغاندا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك:

1. بالا يەيدىغان نەرسىنى ئوڭ قولىدا يېيىشى لازىم.

2. بىر نەرسە يەپ - ئىچىشتىن بۇرۇن: "بىسمىللاھ" دېيىشى لازىم.

3. يەپ – ئىچكەندە ئەتراپىدىكىلەرگە كۆز قىرى بىلەن بولسىمۇ قارىماسلىقنى ئۆگىنىشى لازىم.

4. ئۆزىنىڭ ئالدىدىن يېيىشى لازىم.

5. تاماقنى ئالدىرىماي، ياخشى چايناپ يېيىشى لازىم.

www.uyghurkitap.com

6. يېگەندە ئاغزىدىن ئاۋاز چىققىدەك دەرىجىدە ماكاچلاپ يېمەسلىكى، بىرىنىڭ ئارقىدىن يەنە بىرىنى تىقىشتۇرۇپ يېمەسلىكى لازىم.

7. كىيىم - كېچەكلىرىگە تۆكمەستىن يېيىشى لازىم.

8. باللارغا يوقسۇللۇقنىڭ نېمىلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بەزىدە قۇرۇق نان يېدۈرۈش لازىم.

9. ئاچ كۆزلۈكنىڭ ھايۋانلارغا خاس خۇسۇسىيەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق، باللارنىڭ ھەددىدىن زىيادە يەپ ئىچىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

10. ئۆۋۈلۈپ چۈشكەن نان ئۇۋاقلىرىنى تېرىپ يېيىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش لازىم.

11. قاچىنىڭ تېگىدە تاماق قويماسلىق، پاكىز يەپ تۈگىتىش ئادىتىنى ئۆگىتىش لازىم.

12. ئاددى - ساددا كىيىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش لازىم.

يۇقىرىدا ساناپ ئۆتكەن ئەدەپ - ئەخلاقلار باللارغا ئۆگىتىلمىگىنىدە، باللار بۇلارنىڭ ھېچبىرىنى بىلمەي چوڭ بولىدۇ. ئەگەر بۇلارنى ئاتا - ئانىلىرىدىن ئۆگەنمىسە، كىمدىن ئۆگىنىدۇ؟

ئۆسمۈر باللارغا يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە يالغانچىلىق، ھەسەتخورلۇق، غەيۋەتخورلۇق، تەرسالىق، تەربىيەسىزلىك، ئۇسال مىجەزلىك ۋە گەپ ئاڭلىماسلىق قاتارلىقلاردەك ناچار

ئەخلاقلارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە بۇلاردىن قانداق ساقلىنىشنىڭ كېرەكلىكىنى ئەتراپلىق ھالدا چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭ زىيانلىرىدىن قانداق يىراق تۇرۇشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش كېرەك.

بالا يەتتە ياشقا كىرگىچە چوقۇم ناماز ئوقۇشنى ئۆگىنىشى، تولۇق يەتتە ياشقا كىرگەندە بولسا، بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشنى داۋام قىلىشى لازىم. پەرزەنتكە تەلىم – تەربىيە ئائىلىدىن ئورۇنلاردا ۋە ئىشلەيدىغان فابرىكا - زاۋۇتلاردا ئەخلاق قائىدىلىرىگە زىت نەرسىلەر ئۆگىتىلسە، ئۇنىڭ ئەخلاقسىز ئۆسۈپ يېتىلىشىگە سەۋەب بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنى بۇنداق يەرلەردىن چىقىرىۋېلىش كېرەك. ناۋادا ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولغان ئەھۋالدا، ئاتا - ئانا چوقۇم بالىسىنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى يېقىندىن كۆزىتىپ، تېزگىنلەپ تۇرۇشى، ئاخشىمى ئۆيگە كەلگەندە، ئۇ كۈنى نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى سوراپ تۇرۇشى لازىم. بېشىدىن ئۆتكەن ھەممە نەرسىنى توغرا سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، ئۆگەنگەن توغرا نەرسىلەرنى تەقدىرلەش، خاتا ۋە يامان نەرسىلەرنىڭ زىيانلىرىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈش لازىم. ياخشى ۋە توغرا ئىشلارنى تاشلاپ، يامان ئىشلارنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ كېتىشنىڭ ئىنسانغا قانداق يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى



ئايــــاللار ھەر كـــۈنى ئەتىگەنـــدە چوقـــۇم ئېرىـــدىن بـــۇرۇن ئورنىـــدىن تۇرۇشـــى لازىـــم. بـــۇ، ھەربىـــر ئايـــال ئۇچـــۇن ئـــادەتكە ئايلىنىشى كېـرەك. بامـدات نـامىزىنى ئـۆتىمەي ئـىش باشـلىغان ئايالنىـــڭ ئىشـــى يۈرۈشـــمەيدۇ. كـــۈن چىقىۋاتقانـــدا ئـــۇخلاش بەرىكەتنـــى قـــاچۇرۇپ، نامراتلىققـــا ئېلىـــپ بارىـــدۇ. شـــۇڭا، بـــۇ ۋاقىـــتلاردا بـــاللارنىڭمۇ ئويغـــاق بولۇشـــىنى ئادەتلەنـــدۈرۈش كېرەك.

بـــالا مەكتەپـــتە ئوقۇشـــنى باشـــلاپ، ئوقـــۇش ۋە يېزىشـــنى ئۆگەنگەنـــدىن كېـــيىن، ئۇلـــۇغ زاتلارنىـــڭ قىممەتلىـــك پىكىرلىـــرى يېزىلغـــان كىتـــاب ۋە ھېكـــايىلەرنى ئوقۇشـــقا قىزىقتـــۇرۇش، مەناسىـــز ۋە بىھـــۇدە نەرسىـــلەر بىـــلەن ھەپىلىشىـــپ، ۋاقىـــت ئىســـراپ قىلىشـــنىڭ ئالـــدىنى ئېلىش، ئاشـــىق - مەشـــۇققا ئالاقىـــدار كىتـــاب ۋە شـــېئىرلاردىن يىـــراق تۇتـــۇش كېـــرەك. ئـــۇ چـــوڭ بولغانسېـــرى ياخشـــى ئەخلاقلارنـــى ئۆزلەشتۈرســـە، ئېخىمـــۇ ئىلھـــام بېـــرىش ۋە مۇكاپاتلاش لازىـم. بىـرەر يامـان ئـىش قىلىـپ سـالغىنىدا، دەسـلەپ كۆرمەسـكە سـېلىش، ئانـدىن ئـۇ يامانلىقنىـڭ زىيـانلىرىنى مۇۋاپىـق يـوللار بىـلەن چۈشـەندۈرۈش كېـرەك (نـاۋادا ئۇنىـڭ قىلغـان يامـان ئىشـلىرى يـۈزىگە سېلىنسـا، كېـيىن ئـۇ يامـان ئىشـلارنى يوشـۇرۇن قىلىشقا باشـلايدۇ). ئەگەر ئـۇ ئوخشـاش خاتـالىقنى تەكـرار قىلسـا، ئـۇ چاغـدا ئـۇنى يـالغۇز چاقىرىـپ: ”ئاگـاھ بـولغىنكى، بـۇ ئىشـنى

قايتـا تەكرارلىسـاڭ، چوڭلارنىـڭ ۋە دوسـتلىرىڭنىڭ ئالدىـدا يۈزىـڭ تۆكۈلـۈپ كېتىـدۇ“ دېگەنـدەك سـۆزلەر بىـلەن نەسـىھەت قىلىـش لازىم.

بـالىلار كـۆپ ئازارلانماسـلىقى لازىـم. ئەگەر ئـۇلار دائىـم ئازارلانسـا، بۇنىڭغـا ئادەتلىنىـپ قالىـدۇ – دە، كېيىـنچە گەپ ئـۆتمەس بولىۋالىـدۇ. نـاۋادا بىـر دادا بالىلىرىنىـڭ ئالدىـدا گېپـى ئۆتـىدىغان بولۇشـنى خالىسـا، ئـۇلارنى دائىـم جازالىماسـلىقى، جـازانى ئوچـۇق ـ ئاشـكارا گۇنـاھ ئىشـلىگەندە بېرىشـى كېـرەك. ئـانىلارمۇ بـالىلارنى دادىلىرىـدىن قورقۇتـۇپ، كەپسـىزلىك قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىم.

بـالىلار كۈنـدۈزلىرى ئۇخلاشـقا ئادەتلەندۈرۈلمەسـلىكى، بەزى ۋاقىـتلاردا ئـۇلارنى قـاتتىق تۆشـەكلەرگە يـاتقۇزۇش ئـارقىلىق، ئـۆزلىرى پايـدىلىنىۋاتقان ياخشـى نەرسـىلەرنىڭ قىممىتىنـى تونۇتـۇش لازىـم. ئـۇلار نـېمىلا ئىـش قىلمىسـۇن، يوشـۇرۇن شـەكىلدە ئىـش قىلىشـىغا يـول قويماسـلىق كېـرەك. ئولتۇرغانـدا پـۇت ـ قـوللىرىنى يىغىـپ، ئەدەپلىـك ئولتۇرۇشـى، يـول ماڭغانـدا يۈگۈرمەسـتىن، سـالماق قەدەم بىـلەن مېڭىشـى، قـوللىرىنى ئارقىسـىغا تۇتـۇپ غادىيىـپ ماڭماسـلىقى قاتـارلىقلارنى ئۆگىتىش لازىم.

بالىلارغـا دوسـتلىرىنىڭ ئالدىـدا ئاتـا ـ ئانىسـىنى ماختـاش ئـارقىلىق ئـۆزلىرىنى كۆرسـىتىدىغان ئىشـلارنىڭ خاتـا ئىكەنلىكىنـى، دوسـتلىرى بىـلەن سـەممىي چىقىشـىپ ئۆتۈشـى

كېرەكلىكىنى، ھەممە كىشىگە قارىتا كەمتەر ۋە سەمىمىي بولۇشىنىڭ پەزىلەتلىرىنى چۈشەندۈرۈش، باشقا باللاردىن ھېچ نەرسە ئالماسلىقنى ئۆگىتىش كېرەك.

بالا تۇغۇش سۈننەت، ئۇنى ئىسلام ئېتىقادى ئۈستىدە يېتىشتۈرۈش پەرزدۇر.

باللارنى مۇۋاپىق بولمايدىغان يەرلەرگە ساياھەت ۋە زىيارەتكە ئېلىپ بارماسلىق لازىم. باشقىلارنىڭ يېنىدا بۇرنىنى مەجبۇر بولۇپ قالمىغىچە تارتماسلىقنى، ئارقىسىنى قىلماسلىقنى، پۇتلىرىنى بىر - بىرىگە مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرماسلىقنى، جەينىكىنى يۈزىگە تىرەپ تۇرماسلىقنى ۋە بېشىنى قوللىرىنىڭ ئارىسىغا قويۋالماسلىقنى ئۆگىتىش كېرەك. ئۇلارغا قانداق ئولتۇرۇپ قوپىدىغانلىقى، قانداق سۆزلەيدىغانلىقى، مەيلى توغرا ياكى خاتا بولسۇن، ھەرگىزمۇ قەسەم قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالماسلىقى لازىم.

باللارغا يەنە چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنىڭ سۆزىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاش، يېنىغا چوڭلار كەلگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىش ۋە ئۇلارغا ئورۇن بېرىش قاتارلىقلارنىڭ ئېسىل ئەخلاق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش، شۇنداقلا ئۇلارنى يامان سۆزلەردىن ۋە يامان سۆزگە ئادەتلىنىپ

قالغان باللار بىلەن ئارىلىشىشتىن قەتئىي توسۇش لازىم. دەرسلىرىنى تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن، تەرلەپ - پىشىپ كەتمىگۈدەك دەرىجىدە ئويۇن ئويناشقا روخسەت قىلىش كېرەك.

باللارغا يەنە ئاتا - ئانىسىغا، ئۇستازلىرىغا ۋە چوڭلارغا ئىتائەت قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگىتىش، كىچىكىدىن باشلاپلا رامىزان ئېيىنىڭ بەزى كۈنلىرىدە روزا تۇتقۇزۇش، ئوغرىلىق، هارام نەرسىلەر، خىيانەت ۋە باشقا ھەرقانداق يامانلىقلارنىڭ قەبىھلىكىنى چوقۇم چۈشەندۈرۈش لازىم. باللارنىڭ يېشى چوڭايغانسېرى ئۇلارغا قىلىنىدىغان نەسىھەتلەر ۋە بۇ نەسىھەتلەرنىڭ سەۋەبلىرى بىرلىكتە چۈشەندۈرۈلۈشى كېرەك. مەسىلەن، تاماق يېيىشتىكى مەقسەتنىڭ الله تائاللاغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن بەدەن ئوزۇقلۇقىنى تەمىنلەش ئىكەنلىكىنى، دۇنيا ھاياتىنىڭ چوقۇم ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى، قىيامەت ئىسمى بېرىلگەن بىر كۈندە ھەممە جانلىقنىڭ ئۆلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن يېڭى بىر ھاياتنىڭ باشلىنىدىغانلىقىنى، ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتنىڭ بىرى قەبرە ھاياتى (يەنى بەرزەخ ئالىمى)، يەنە بىرى ئاخىرەت ھاياتى دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، ئۆلۈمنىڭ ئىنسانغا ھەر ۋاقىت كېلىپ قېلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى باللارغا چۈشەندۈرۈش لازىم.

ئۆسمۈر باللارغا بۇلارنى چۈشەندۈرۈش ئۇلارنىڭ زېھنىگە خۇددى تاشقا نەقىش ئويغاندەك مۇستەھكەم ئورناپ كېتىدۇ.

www.uyghurkitap.com



بالىلار مانا مۇشۇنداق يېتىشتۈرۈلسە، الله خالىسا، چوقۇم ئاتا - ئانىسى، دىنى، ۋەتىنى ۋە مىللىتىگە پايدىلىق ئادەم بولۇپ چىقىدۇ. مۇنداق كىشىلەردىن تەركىپ تاپقان جەمئىيەتلەر چوقۇم تەرەققىي قىلىدۇ ۋە ئالغا باسىدۇ.

ناۋادا بالىنىڭ قەلبى تەربىيەسىزلىك، ئاچكۆزلۈك، ياسانچۇقلۇق ۋە ماختانچۇقلۇققا ئادەتلەندۈرۈلسە، ھەر زامان الله تائالادىن يىراقلىشىش بىلەن بىرگە ئەتراپتىكى كىشىلەرنىمۇ كۆڭۈلسىز ۋە بىئارام قىلىدۇ.

بىر ئايالنىڭ ئۆيىنى ياخشى ئىدارە قىلىشى ئايالّلىق سۈپىتىگە لايىق خانىملىقتۇر. ئۇ ھەرگىزمۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە بىكار ئولتۇرۇش، قولۇم - قوشنىلار بىلەن قۇرۇق گەپ سېتىش، ئويۇن – تاماشا بىلەن بولۇش ۋە غەيۋەت - شىكايەت قىلىش ئەمەس. شۇڭا ھەقىقىي خانىمغا ئۆيىنى ياخشى ئىدارە قىلىش ۋە ئائىلىسىگە خىزمەت قىلىش يارىشىدۇ.

يىراقنى كۆرەلمەيدىغان بەزى ئەقلى قىسقا ئايالّلار قوللىرىغا ئازراق پۇل كىرسە، تەبىئىتىدىكى مەۋجۇت كىبىر ۋە غۇرۇر ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ – دە، خۇدىنى يوقىتىپ كۆرەڭلەپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇرۇنقى دوستلىرىنى تۆۋەن كۆرۈشكە باشلايدۇ. ھەتتا خىزمەتچىلىرى بىلەنمۇ بىرقانچە كۈن چىقىشىپ ئۆتەلمەيدۇ.

پەيغەمــبەر ئەلەيهىسســالام: «ئىلىــم ئــۆگىنىش ئــارقىلىق، گــۈزەل ئەخــلاق ئــاچچىقنى يېگىشــكە تىرىشــش ئــارقىلىق قولغــا كېلىــدۇ» دېــگەن. ئەفلاتۇنمــۇ: ”ياخشــى مىجەزلىــك ئىنســان ئەخلاقــــى ناچـــار ئىنســـانلارنىڭ يامانلىقلىرىغـــا ســـەۋر قىلالىغانلاردۇر“ دېگەن.

ئائىشــە ئانىمىزنىــڭ مــىجەزى ناچــار بىــر خىزمەتچىســى بولــۇپ، ئــۇ ئۆلــۈپ قالغانــدا ئائىشــە ئانىمىزنىــڭ كــۆڭلى ئىنتــايىن يېــرىم بولغــان. ئۇنىــڭ بۇنچىلىــك دەرىجىــدە كــۆڭلى يېــرىم بولغانلىقىنى كۆرگەنلەر:

_ نېمىشــقا بۇنچىــۋالا كــۆڭلىڭىزنى يېــرىم قىلىســىز؟ - دەپ سورىغاندا، ئائىشە ئانىمىزنىڭ جاۋابى مۇنداق بولغان:

_ رەھمەتلىــك مــىجەزى ناچــار بىــرى ئىــدى. ئۇنىــڭ مۇئامىلىســىگە ســەۋر قىلىــش ئــارقىلىق ئالىــدىغان ســاۋابىمدىن مەھرۇم قالغانلىقىم ئۈچۈن كۆڭلۈم بەكلا يېرىم.

ســىلىق - ســىپايە مىجەزلىــك ئىنســان ئەۋلىيالارغــا ۋە پەيغەمــبەرلەرگە، ئــاچچىقى يامــان ئىنســان ۋەھشــي ۋە يىرتقــۇچ هايۋانلارغــا ئوخشــايدۇ. يەنــى مــىجەز – خۇلــق ئــۇلارنى ئەســلىتىدۇ. غەزەپلەنــگەن ئىنســاننىڭ ئاغزىــدىن كۆپــۈك قاينــاپ، كــۆزلىرى قىزىرىــپ، پــۇت - قــولى تىتــرەپ قولاشــماي قالىــدۇ. ئاغزىغــا كېلىشــىچە هاقــارەت قىلىــدۇ. قولىغــا چىققــان هەمــمە نەرســىنى ئېتىــپ چاقىــدۇ. دەردىنــى ئالالمىســا، يــۈزلىرىگە كاچــاتلاپ، يــاقىلىرىنى يىرتىــدۇ. ئــۇ بــۇ قىلىقلىــرى بىــلەن

www.uyghurkitap.com



ئىنسانلىق سۈپەتلىرىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ناۋادا ئۇ شۇ تۇرقى بىلەن ئەينەككە قاراپ قالسا، ئۆزىنىڭ ھالىتىدىن ئۆزى قورقۇپ كېتىدۇ. ئاچچىق ئىنسانىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى قانچىلىك دەرىجىدە بەت - بەشىرە كۆرسەتسە، ئەخلاقىنىمۇ شۇنداق بىئارام ھالغا كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ كۆڭلى ھۇزۇر – ھالاۋەت تاپمايدۇ. قول ئاستىدىكى ئىنسانلارنى باشقۇرالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. خۇشخۇيلۇق ۋە يۇمشاق سۆز بىلەن ھەل قىلغىلى بولىدىغان ئىشلارنىڭ يېرىمىنىمۇ قىلالمايدۇ.

ئىمام شافى: ”قىلىچ ۋە سىياسەت بىلەن قىلدۇرغىلى بولمايدىغان بىرمۇنچە ئىشلارنى تاتلىق سۆز ۋە خۇشخۇي مۇئامىلە بىلەن قىلدۇرغىلى بولىدۇ“ دېگەن.

ھەددىدىن ئارتۇق غەزەپلىنىش شۇنچىلىك يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇكى، ھەتتا بەزىدە ئىنسانلارنىڭ تويۇقسىز ئۆلۈپ كېتىشىگە بولۇپ قالىدۇ. شائىرە لەيلا خانىم مۇنداق بېيىت ئوقۇغان:

ئاغرىتما دوست - يارەنني، رەنجىمگەي سەندىن،
پاني دۇنيادىكى ياخشىلىق بۇدۇر بىلگىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تارقىسى
www.uyghurkitap.com

# ئۆي تازىلىقى، يېمەك – ئىچمەك ۋە ئۇخلاش سائەتلىرى

ئۇمامەنىڭ بەشىنچى ۋە ئالتىنچى نەسىھەتلىرى مۇنداق ئىدى: "پاكىزلىققا، ئېرىڭنىڭ تاماق يەيدىغان ۋە ئۇخلايدىغان ۋاقتىغا ئالاھىدە ئېتىۋار بەرگىن!"

ئۇمامە قىزىغا ئۆيدە قىلىنىشى كېرەك بولغان ھەممە ئىشنىڭ دەل ۋاقتىدا قىلىنىشىنى، تاماق يېيىش ۋاقتى بىلەن ئۇخلاش ۋاقتىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۆگىتىش بىلەن بىرگە، ئەسلىدە ئۇنىڭغا ئېرى بىلەن ياخشى ئۆتۈشنىڭ ئاچقۇچىنى بەرگەنىدى.

ھەرقانداق ئىشنىڭ ھەقىقەتەن مۇئەييەن ۋاقتى بولۇشى كېرەك. ئەگەر ھەر ئىش مۇئەييەن ئىنتىزام بىلەن ئىجرا قىلىنسا، ئۆز ۋاقتىدا تاماملىنىدۇ. مۇنداق بولغاندا، ئائىلىدىمۇ ھۇزۇر ھاسىل بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ئىش ۋاقتىدا تۈگىمەيدۇ. ئۆيدىمۇ ھۇزۇر بولمايدۇ. مەسىلەن، تازىلىق ئىشلىرى تاماملانغاندىن كېيىن، ئۆينىڭ ئۇ يەر بۇ يەرلىرىدىن ئۆمۈچۈك تورلىرىنى ئېلىش، نەرسە كېرەكلەرنى يۆتكىمەستىنلا سۈرتۈش تازىلىقنىڭ قايسى دەرىجىدە قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنداق تازىلىق قىلغاننىڭ ھېچ پايدىسى بولمايدۇ. كىر - قات يۇيۇشتىمۇ ئەھۋال شۇنداق. ناۋادا ئاق

كــــىيىملەر بىــــلەن رەڭلىــــك كــــىيىملەر ئارىلاشــــتۇرۇلۇپ يۇيۇلغــــان تەقــــدىردە، ئــــاق كــــىيىملەر رەڭ ئىچىۋالســــا، قانــــداقمۇ كــــىيىم - كېچەك يۇغانلىق بولىدۇ؟...

ئائىلــــدىكى خىزمەتمــــۇ دەل بۇنىڭغــــا ئوخشــــايدۇ. دىتــــى بــــار ئايــــال كەچلىــــك تامــــاق تەييــــارلاش ئۈچــــۈن ئاشــــخانىغا كىرگەنــــدە ناھايىتى قىســــقا مــــۇددەت ئىچىــــدە تــــامىقنى تەييــــار قىلىــــپ ئېلىــــپ چىقىــــدۇ. چــــۈنكى ئــــۇ تامــــاق ئېتىشــــتىن بــــۇرۇن قــــازان - قومــــۇچىلىرىنى يۇغــــان، ھەر نەرســــىنى ئــــۆز يېــــرىگە قويغــــان، تاماققــــا كېتىــــدىغان نەرســــىلەر تەييــــار ۋە قويۇلغــــان يەرلىــــرى ئېنىــــق بولغاچقا، ۋاقتى تېجەشلىك بولىدۇ.

ئەممــــا دىتــــى يــــوق پــــالاكەت بىــــر ئايــــالنى مىســــالغا ئالســــاق، ئاشــــخانىغا ئەتىگەنــــدە كىرىــــپ كەتســــىمۇ، ئاخشــــامغىچە تــــامىقى پىشــــىپ بولالمايــــدۇ. قــــازان - قومــــۇچنى يۇيــــۇش ئۈچــــۈن سوپۇن ئىــــزدەش، پىيــــاز ئــــاقلاش ئۈچــــۈن پىچــــاق ئىــــزدەش، ســــەي - كۆكتــــاتلارنى ئــــادالاش ئۈچــــۈن قاچــــا ئىــــزدەش بىــــلەن ھەپىلىشــــىپ يــــۈرۈپ ۋاقــــت ئىســــراپ قىلىــــدۇ ۋە ئاخشــــامغىچە ئىككــــى قاچــــا تامــــاقنى ئــــاران تەييارلىيالايــــدۇ. نــــاۋادا بۇنــــداق ئايالنىــــڭ بىــــر - ئىككــــى بالىســــى بولســــىغۇ، ئىــــش ئوخشــــىدى دېــــگەن گەپ. تەمتىــــرەپ يــــۈرۈپ ئىشــــىنى تاپالمــــايلا قالماســــتىن، بېشــــىنى تارىغىدەك پۇرسەتمۇ تاپالماي قالىدۇ.

بۇنــــداق پــــالاكەت ئاياللارغــــا ئەر بولــــۇپ قالغــــان ئەرلەرنىــــڭ ھالىغــــا ۋاي. كەچ كىرىــــپ ھېرىــــپ ئېچىــــپ ئــــۆيگە كەلســــە،

خـۇپـتەنگە ئەزان چىقىـسـمۇ تـامىقى پىشـمىغان. بەلكـىـم بىـر كـۈن بـۇرۇن ئالغـان كۆكتـاتلار ئاشـخانىنىڭ ئىشـكى ئالدىـدا شـۇ پېتـى تۇرماقتــا. تامــاق تەييــار بولســا يەيلــى! دېگــىنچە ســاقلاپ ئولتۇرۇشــتىن باشــقا چارىســى يــوق. قاچــان يېتــىپ ئوخلىيالايــدۇ؟ بــۇ پۈتــۈنلەي ئايالىنىــڭ ئىنســابىغا بــاغلىق. ئايــاللاردىن شــۇنى ســوراپ بــېقىش كېرەككــى، ئەر ئايــالىنى قانچىلىــك دەرىجىــدە ياخشــى كۆرســە كۆرســۇن، ئۇنىــڭ مۇنــداق ئاياللارغــا بولغــان سـۆيگۈ - مــۇھەببىتى ئــازلاپ قالماســمۇ؟ ئــۇ خاپــا بولۇشــقا ھەقلىــق ئەمەســمۇ؟ بولۇپمــۇ رامــزان ئايلىرىــدا، بۇنــداق ئاياللارنىــڭ دىتســىزلىقىغا ســەۋر قىلىشــنى ئويلىســاق، ئــۇ ئۆيــدە قانچىلىــك دەرىجىــدە ئىناقســىزلىقنىڭ يــۈز بېرىشــىنى تەســەۋۋۇر قىلىــش ئــانچە تەس ئەمەس. شــۇنىڭ ئۈچــۈن، ئۇمــامە قىزىغــا: ”تامــاق ۋە ئۇخلاش ۋاقتىنى ئۆتكۈزىۋەتمە“ دەپ نەسىھەت قىلغان.

كۆنىمىزدە بىر ئايال ياكى قىزنىڭ ئېرى ياكى مەھرىمى بولماستىن ساياھەتكە چىقىشى تولغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇلار كىچىك ئاپتوبۇس، ئاپتوبۇس، پاراخوت ۋە باشقا يولۇچى ۋاستىلىرى بىلەن يولغا چىققاندا، ئۆزلىرىنى تەلەپكە لايىق قوغدىيالىشى مۇمكىن بولماي قالىدۇ.

زىنا كۆز بىلەن باشلايدۇ، پۇت – قول بىلەن تەرەققىي قىلىدۇ، پاالاكەت بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. تىل ۋە قۇلاقنىڭ زىناسى مۇ يامان سۆزلەرنى ۋە شەھۋانىي ھېكايىلەرنى سۆزلەش بىلەن بولىدۇ. بۇ شەكىلدە سۆزلىگەن قوشنا ياكى تونۇش ھەرقانداق كىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى دەرھال ئۈزۈش لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا، ھېچ ئويلاپ باقمىغان، كىشىنى بىئارام قىلىدىغان ھادىسىلەر ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقان ئادرېسى



# مال - مۈلۈكنى ئاسراش

ئۇمامە قىزىغا قىلغان يەتتىنچى نەسىھىتىدە: ”ئۆيىڭنىڭ مال - مۈلكىنى ۋە ئۆيىدىكى جابدۇقلارنى ئاسرا!“ دېگەن ئىدى.

دۇنيادا تۇرمۇش كەچۈرۈش ۋە بالا - چاقىلىرىنى باشقىلارغا موھتاج قىلماي قويماسلىق ئۈچۈن ئەلۋەتتە تىرىشىپ ئىشلەش لازىم. ئىنسان ياشاش ئۈچۈن پۇل - مالغا موھتاج بولىدۇ. ھەتتا ئۆلگەندىمۇ قەبرىگە كىرىش ئۈچۈن كېپەنلىككە پۇل لازىم.

بايلىق مۇتلەق كۆپ پۇل تېپىش بىلەنلا بولمايدۇ. ئىقتىسادچان بولۇش ۋە پىلانلىق خىراجەت قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ باي بولۇشنىڭ ئاساسلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئاياللار ئائىلىنىڭ ئىچىدىكى ئىشلارنى ئىدارە قىلىدىغان كىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ نۇقتىغا تېخىمۇ كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

ئالدىغا كەلگەننى بۇزۇپ - چاچقان، كېرەكسىز نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق ئېرىنى ھەر تۈرلۈك مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان بەدخەج ئايالنىڭ ئۆيىدە ئىككى تىيىن پۇلنى بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرىنى قويۇپ يىغىشمۇ، ئەلۋەتتە، مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتۇر. ئەمما ئاياللارنىڭ ھەددىدىن زىيادە بېخىل بولۇشىمۇ ياخشى ئىش ئەمەس.

بۇنداق ئاياللار بالا - چاقىلىرىدىن ھەممە نەرسىنى قىزغىنىدۇ. ئۇلارغا يا تۇزۇك يېگۈزمەي، يا ئۇستىگە تۈزۈك كىيىم كيگۈزمەي ياشايدۇ.

بەزى ئاياللارنىڭ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدىغان ناچار خۇيلىرى بار. بۇنداق ئاياللار ئۇنىڭغا - بۇنىڭغا خوشامەتچىلىك قىلىپ، يالغاندىن ھجىيىدۇ. ئەدەپ - ئەخلاقتىن يوقسۇل ئاياللارنىڭ سۆزىگە ئالدىنىپ، ئېرىنىڭ پۇل - مېلىنى ۋە نەرسە - كېرەكلىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. قىلىنغان نەسىھەتلەرنىمۇ ئاڭلىمايدۇ. يىغىلىشلار، زىياپەتلەر دەپ يۈرۈپ، ھەتتا قىمارەدەك يامان ئىشلارغا ئادەتلىنىپ قالىدۇ — دە، ئائىلىنىڭ ئۇلىغا دەز كەتكۈزىدۇ. ئاخىرىدا، چۆچۈرىدەك باللىرىنى كۈندە ئاران بىر - ئىككى سائەت كۆرىدىغان سۈنئىي ئانىلار مەيدانغا كېلىدۇ. تولىمۇ ئەپسۇسكى، زامانىمىزدا بۇ خىل ئانىلار بارغانسىېرى كۆپەيمەكتە. "دۇنيا ھەر كۈنى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ" دېگەن سۆزنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك. جان ۋە پۇل - مال دۈشمىنى بولغان ئەخلاقسىز ئاياللارغا ئالدىنىپ، ھېسابسىز پۇل خەجلەشنىڭ نەتىجىسى چاكارلىق بولىدۇ. ئىنسان بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغاندا، بۇرۇن دوست بولۇپ كۆرۈنگەنلەر يوللاردا ئۇچرىشىپ قالسىمۇ، كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

قانچىلىغان ئائىلە مۇشۇنداق ۋەيران بولغان. ئۆز ئۆيىدە ئايالىق بۇرچىنى قاملاشتۇرالمىغان ئاياللارمۇ ئاخىرى بېرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ - بۇنىڭ ئىشىكىدە خىزمەتچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدىغان ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ.

ياخشى ئىنسان بىلەن ئارىلىشىش ئۇنىڭ ياخشى ئەخلاقىنى يۇقتۇرۇشقا، ناچار ئادەم بىلەن ئارىلىشىش ئۇنىڭ يامان ئەخلاقىنى يۇقتۇرۇشقا سەۋەب بولىدۇ. ئىنسان نەپسىنىڭ ۋە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئادىمىلىكتىن ئايرىلىپ، ئىبلىس بولۇپ چىقىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر ئايال ھەرگىزمۇ ئوسال مىجەزلىك ئاياللار بىلەن ئارىلاشماسلىقى، ھەتتا ئىشىكتىن ئۆيىنىڭ ئىچىگە قاراشقا رۇخسەت قىلماسلىقى كېرەك.

يامان دوست يىلانغا ئوخشايدۇ. ”يىلاننىڭ زەھىرى بار“ دېگەن سۆز نەقەدەر توغرا ئېيتىلغان - ھە! يىلان بىلەن دوست بولۇش مۇمكىنمۇ؟ ئۇنىڭغا يېقىنلاشقاندا كىشىنى زەھەرلىمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاياللارنىڭ تەبىئىتىدە بىر - بىرىنى كۆرەلمەيدىغان خۇينىڭ بارلىقى بىر ھەقىقەتتۇر.

شامال سېسىق پۇرايدىغان يەردىن ئۆتكىنىدە، ئۇ يەرنىڭ سېسىق پۇرىقىنى بىللە ئېلىپ ماڭىدۇ. ئاندىن، ئۇ شامال كەلگەن يەرلەر سېسىق پۇراشقا باشلايدۇ. ئەسلىدە، سېسىق پۇرىغان شامال ئەمەس، ئۇ يەردىن ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى سېسىق پۇراقنىڭ ئۆزىدۇر.

ياخشى ئەخلاقلىق بىر ئايالنىڭ ئەخلاقى ناچار بولغانلار بىلەن ئارىلىششى ۋە سۆھبەتلىششى ئۇنىڭغا تەسىر قىلماس،

دەپ قاراش ئىنتايىن خاتا چۈشەنچىدۇر. بىر ئادەمنىڭ ياخشى ياكى يامانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ دوستىغا قاراش يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟! چۈنكى، قازانغا يولۇقساڭ قارىسى، يامانغا يولۇقساڭ يارىسى يۇقار، دەيدىغان گەپ بار. شۇڭا، غاز غاز بىلەن، تاز تاز بىلەن دېگەندەك، ھەركىم ئۆزىنىڭ خىلى بىلەن ئارىلىشىدۇ.

| |
|---|
| مۇسۇلمان ئائىلىلەر بىر – بىرىنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارغاندا، ئەر – ئايال ئارىلاش ئولتۇرماسلىقى كېرەك. ئەرلەرنىڭ ئەرلەر بىلەن، ئايالLARنىڭ ئاياللار بىلەن ئولتۇرۇشى دىنىمىزنىڭ تەلەپلىرىدىندۇر. |

## ھېكايە

بىر ئادەمدىنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. ۋاقتى كەلگەندە ھەممىسىنى ئۆۋتى بويىچە ئۆيلەپ قويۇپتۇ. ئاندىن ئۈچىلىسىگە ئايرىم - ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بېرىپتۇ. بىر ھېيتتا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دادىسىنىڭ ئۆيىگە ھېيتلاپ كەپتۇ. ھال - ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. دادا ئوغۇللىرىنىڭ بىرىدىن:

_ ئوغلۇم! ئايالىڭ قانداقراق؟ سەن ئۇنىڭدىن رازىمۇسەن؟ - دەپ سوراپتۇ. ئوغلى:

www.uyghurkitap.com



_ ناھايىتى ياخشى، مەن ئۇنىڭدىن رازىمەن. ئەمما بىرئاز ھورۇن، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. دادىسى:

_ ئۇنداق بولسا، ئۇنى پالانچىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارغىن، ئۇ ئائىلىنىڭ ئاياللىرى ھەم دىتى بار ھەم بەك ئىشچان. بەلكىم ئايالىڭ ئۇلاردىن ئۆگىنىپ، چاققان بولۇپ قالار، - دەپتۇ. ئاندىن ئىككىنچى ئوغلىغا قاراپ: _ خوش، سېنىڭ ئايالىڭدىن نارازى بولىدىغان تەرىپىڭ بارمۇ؟ - دەپ سوراپدۇ. ئوغلى:

_ ئى دادا! مېنىڭ ئايالىم ئوچۇق – يورۇق، ياخشى، ئەمما ئۆزىنى ياتلاردىن ئانچە تارتىپ كەتمەيدۇ، - دەپتۇ. دادىسى ئۇنىڭغا:

_ سەنمۇ ئايالىڭنى پۇلانچىلارنىڭ ئۆيىگە پات - پات ئېلىپ بارغىن، ئۇ ئائىلىدىكىلەر ئىنتايىن نومۇسچان، دۇرۇس ئىنسانلار. ئايالىڭ ئۇلاردىن ئۆزىنى يات كىشىلەردىن قانداق تارتىشنى ياخشى ئۆگىنىپ قالىدۇ، - دەپتۇ.

دادىسى بىلەن قېرىنداشلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئۈچىنچى ئوغلى دادىسىنىڭ سورىشىنى كۈتمەستىنلا، كۆڭلى ناھايىتى يېرىم ھالدا:

_ ئى دادا! تولىمۇ ئەپسۇسكى، مېنىڭ ئايالىم ناھايىتى ئەخلاقسىز بىرى. ئۇنىڭغا گېپىمنى ئاڭلىتالمايمەن. ئۇنىڭغا قانداق تەربىيە قىلىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بەرسەڭ، مەن راستىنلا نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن، ماڭا يول كۆرسەتسەڭ، - دەپتۇ. دادىسى:

_ شـۇنداقمۇ ئوغلـۇم! ئۇنـــىڭ تـــالىقىنى بېرىشـــتىن باشـــقا چارە يوق، - دەپتۇ.

## خۇلاسە

ئەخلاقــى، خــۇيى ۋە مۇئامىلىســـى ھەمــمە كىشــى تەرىپــىدىن ياخشـــى كـــۆرۈلگەن، ئۆيىنـــــىڭ ئىشــــلىرىنى ياخشـــى ئىـــدارە قىلالايــدىغان، تەربىــيە كــۆرگەن، ئــار - نومۇســلۇق ئايــاللار بىــلەن يېقىنلىشــــىپ، ئۇلارنىـــــڭ ســـۆھبىتىدە بولۇشـــــنىڭ ســــاناپ تۈگەتكۈســـىز پايــدىلىرى بــار. بۇنــداق ئايــاللار بىــلەن ئارىلىشــىش ئايـــاللاردىكى نۇرغـــۇن يامـــان خـــۇلقلارنى تۈگىتىشـــكە ســـەۋەب بولــدۇ. شــۇنىڭ ئۈچــۈن، ئايــاللار دوســتلىرىنى ياخشــى تاللىشــى، ناچـــار ئايـــاللاردىن يـــىراق تۇرۇشـــى لازىـــم. چـــوڭ ئـــائىلىلەرگە ئىشلىنىـــدىغان خىزمەتچىلەرنىمـــۇ تېگـــى – تەكتـــى ۋە ئەخلاقىغـــا قاراپ، دىققەت قىلىپ بىلەن قوبۇل قىلىش كېرەك.

## ھېكايە

بىـــر قىـــز بـــۇرۇنقى ئىســـتانبۇلنىڭ كاتتـــا ســـارايلىرىنىڭ بىرىـــدە خىزمەتچىلىــك قىلىــدىكەن. بــۇ قىزنىــڭ قەيەردىــن كەلگەنلىكــى ۋە كىـــم ئىكەنلىكـــى ئېنىـــق ئەمەســـكەن. ھـــېچكىم ئۇنـــىڭ بـــۇ تەرەپلىـــرىگە كۆڭـــۈل بۆلمەپتـــۇ. ئائىلىنـــىڭ ئايـــال خوجـــايىنى ئـــۆي ئىشـــلىرىغا ئـــارتۇقچە ئارىلىشـــۋالمايدىكەن. شـــۇڭا بـــۇ قىـــز ئۆيـــدە

www.uyghurkitap.com



ئۆزى خالىغانچە ھەرىكەت قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ قىز خوجايىن ئايالدىن رۇخسەت سوراپ:

_ ئەگەر رۇخسەت قىلسىڭىز مېنىڭ بىر ئاغرىق ئاچام بار، ئۇنىڭغا ئاشخانىڭىزدىن بىر تاۋۇز ئاپىرىپ بەرسەم، - دەپتۇ. خوجايىنمۇ ئويلاپ ئولتۇرماستىنلا رۇخسەت قىپتۇ. قىز خوجايىننىڭ يېنىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، خوجايىن ئايال دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. بىردىنلا ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قاپتۇ. چۈنكى خىزمەتچى قىز ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ سەنتۈرۈلۈپ كەتكەن، قولىدىكى تاۋۇز يەرگە چۈشۈپ پارچە - پارچە بولۇپ، ئىچىدىن بىرمۇنچە ئالتۇن - كۈمۈشلەر ھەر تەرەپكە چېچىلغان ئىكەن. دېمەك، بۇ ۋاقىتقا قەدەر ئۆيدە ئىشلەتكەن خىزمەتچى قىز ئوغرى بولۇپ، ئۆيدە بار پۇل - مالنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ قاچماقچى بولغانىكەن.

ئەگەر ئۆينىڭ ئىدارىچىسى بولغان ئايال ئائىلە ئىشلىرىنى ئۆزى كۆزەتمەستىن، باشقىلارغا ھاۋالە قىلسا، بېشىغا ھەر تۈرلۈك بالا كېلىدۇ. يۈتكەن، ئوغرىلانغان نەرسىنىڭ سانى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

فرانسىيىنىڭ پادىشاسى شارلماننىڭ ئايالى بىر پادىشاھنىڭ ئايالى بولۇشىغا قارىماي، ئاشخانىنىڭ ئىشلىرىدىن باشلاپ ھەر ئىشنى ئۆزى ئىدارە قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئاشخانىدا ئىككى توخۇنىڭ ئوغۇرلانغانلىقىنى سېزىپ قاپتۇ.

ئەھـــۋالنى دەرھـــال ئېـــرىگە خەۋەر قىلىـــپ، خىزمەتچىلەرنـــى جازالاشـــنى تەلەپ قىپتـــۇ. ياۋرۇپـــالىق يـــازغۇچىلار ھەر دەۋردە يازغـــان كىتابلىرىـــدا شـــارلماننىڭ ئايـــالىنى ئـــائىلە ئىشـــلىرىنى ياخشـــى ئىـــدارە قىلىـــدىغان ئايـــالىلار ئۈچـــۈن ئـــۈلگە كۆرســـىتىپ كەلمەكتىكەن.

ھەممـــــگە ئېنىقكـــــى، باشـــقىلارنىڭ پـــۇل - مېلىنـــــى ئوغرىلاش ئاسـان. ئەممـا ئـۇ مـال - دۇنيـانى تېپىشـنىڭ قانچىلىـك تەسلىكىنى ئۇنى مىڭ جاپادا ئىشلەپ تاپقان ئادەملا بىلىدۇ.

## ھېكايە

ســەھرادا ياشـايدىغان بىـر ئايـال ئېرىنىـڭ تاغـدىن ئىنتـايىن تەســـتە ئېلىـــپ كېلىـــدىغان ئوتـــۇنلىرىنى قولـــۇم - قوشـــنىلىرىغا تارقىتىـپ تېـزلا تۈگىتىۋېتىـدىكەن. ئـاخىرى ئېـرى بۇنىڭغـا چىـداپ تۇرالمـاپتۇ ۋە بىـر كـۈنى ئايـالىنىمۇ تاغقـا ئوتـۇن كەسـكىلى بىـرگە ئېلىـپ چىقىپتـۇ. ئىككـى بـاغلام ئوتـۇن ھـازىرلاپ، بىرىنـى ئايالىغا كۆتەرتىـــپ قويۇپتـــۇ. ئايـــالى ئـــۈيگە قـــايتقىچە تەرلەپ پىشـــىپ ھـــارغىنلىقتىن جېنـــى ئـــاز قـــاپتۇ. ئـــۇ تاغـــدىن ئوتـــۇن ئېلىـــپ كېلىشـــنىڭ قانچىلىـــك تەســـلىكىنى شـــۇ چاغـــدىلا ھـــېس قىلىـــپ يېتىپتـــۇ. ئوتۇنلارنـــىڭ كەلگەنلىكىنـــى كـــۆرگەن قوشـــنىلىرى ئەتىســـدىن باشـــلاپ ئۇنىڭـــدىن ئوتـــۇن ســـوراپ كېلىشـــىپتۇ. بـــۇ قېتىم ئايالى:

www.uyghurkitap.com



_ ۋاي قوشنىلار! ھەرگىز خاپا بولماڭلار، ئۆزەم ئىلىپ كەلگەن ئوتۇنلاردىن بىر تالنىمۇ بىرەلمەيمەن، ئىرىم ئىلىپ كەلگەن ئوتۇنلارغا مەن ئارىلاشمايمەن، ئۇنىڭدىن ئۆزەڭلار سوراڭلار، - دەپتۇ.

## ھېكايە

نەسىردىن ئەپەندى بىر كۈنى باي بولۇش نىيىتىگە كىلىپتۇ ۋە بۇ ئەھۋالنى ئايالىغا دەپتۇ. ئۇ ئىككىسى بىرگە ئولتۇرۇپ، قانداق قىلغاندا باي بولغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە باش قاتۇرۇشۇپتۇ. نەسىردىن ئەپەندى ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى ئىغىلدىكى ئىشىكىنىڭ لازىمى يوق ئىكەنلىكىنى قارار قىپتۇ – دە، ئەتىسى ئىشىكىنى سېتىش ئۈچۈن بازارغا ئىلىپ بىرىپ، باھا قويدۇرۇشقا باشلاپتۇ. ھەر ئادەم ئۆزى ئۇيغۇن كۆرگەن باھانى قويۇپتۇ. لېكىن نەسىردىن ئەپەندى ئىشەككە قويۇلغان باھالارنى تۆۋەن كۆرۈپ، ئۆزى يۇقىرى باھا قويۇشقا باشلاپتۇ. ئاخىرى ئىشەك ئۆزىگە قاپتۇ. نەسىردىن ئەپەندى خۇشال ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كىلىپ، ئىشىكنى ئىغىلغا باغلاپتۇ. ئايالى:

_ ۋاي بېگىم! ئىشەكنى نىمىشقا قايتۇرۇپ كەلدىڭلە! ساتالمىدىڭلىمۇ يا؟ - دەپ سوراپتۇ. نەسىردىن ئەپەندى:

_ سېتىۋاتاتتىم، قارىسام بەكلا ئەرزان سېتىلىپ كەتكىدەك. شۇڭا، باھاسىنى يۇقىرىلاتتىم، ئاخىرىدا ماڭا

قالــدى. مەن ئــۇنى قــايتۇرۇپ كېلــىپ، ئېغىلغــا باغلىــدىم. قانداقراق؟ پايدىلىق ئىش قىپتىمەنمۇ؟ - دەپتۇ. ئايالى:

ــ ۋاي بــېگىم! ســىلە ياخشــى ئىــش قىلىشــنىغۇ قــىپلا، مېنىڭكىنــى بىــر ئاڭلىســىلا. مەن شــۇنداق ياخشــى بىــر ئىــش قىلــدىمكى، سـورىمايلا قويسـىلا. ئىشـىك ئالدىـدىن بىـر قېتىقچـى ئۆتۈپ كېتىـۋېتىپتىكەن. قېتىـق ئـېلىش ئۈچـۈن بىـر قاچـا بەردىـم. قارىســام ئــۇ ئــادەم كەمچىســىنى ئالمــايلا قېتىقنــى قويــۋەردى. مەنمــۇ چاندۇرماســتىن قولۇمــدىكى بىلەيزۈكــۈمنى چىقىرىــپ، تارازىنــىڭ يەنە بىــر بېشــىغا قويــدۇم. ئــۇ بــۇنى ســەزمىدى. گەرچە بىلەيزۈكـۈم قېتىقچـى بىـلەن كەتتـى. ئەممـا مەن ئۇنىـڭ قېتىقنـى كەم بېرىشــىنىڭ ئالــدىنى ئالــدىم، - دەپتــۇ. بــۇنى ئاڭلىغــان نەسىردىن ئەپەندى كۈلۈپ كېتىپ:

ــ ياخشــى، ياخشــى ئىــش قىپســەن خېنىم! قارىغانــدا ســەن ئىچىــدىن، مەن تېشــىدىن بــۇ ئــۆينى تــازا ياخشــى كۆكلىتىــدىغان ئوخشايمىز، - دەپتۇ.

**نەتىجە**

*"ئــۆۋنى چىشــى قــۇش ياســايدۇ"* دېــگەن ســۆز يۇقىرىــدا ئېيتقانلىرىمىزنىــڭ ھەممىســىنى ناھــايىتى ياخشــى خۇلاســىلاپ بېرىــدۇ ۋە ئــۇ بىــر ئەمەلىيەتتــۇر. ئايــالLار تەدبىرلىــك بولــۇپ، ئــۆزلىرىگە تاپشــۇرۇلغان نەرســىلەرنى دەل جايىــدا ۋە ۋاقتىــدا ئىشلەتســە، شــۇنداقلا، ئىســراپچىلىقتىن ساقلانســا، ئائىلىنىــڭ

ھۆزۈرىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. بولۇپمۇ، قىزلىرى بولغان ئانىلار كەلگۈسىدە ئائىلە ئىگىسى بولىدىغان ئەتىنىڭ ئانىلىرىنى تەدبىرلىك، ئىقتىساتچان قىلىپ تەربىيىلىشى، ئىسراپخورلۇقنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىنى چوقۇم ئۆگىتىشى، بالىلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇپ يېتىشىشى ئۈچۈن ئالاھىدە غەيرەت قىلىشى كېرەك. ھەممە تەرەپتىن مەلۇماتلىق بىر ئايالنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدىكى ئۆي جەننەتتەك بولىدۇ. نادان، مەنپەئەتپەرەس، پايدا بىلەن زىياننى بىلمەيدىغان ۋە ناچار مىجەزلىك ئاياللارنىڭ ئۆيى بولسا، دوزاخنىڭ ئۆزىگە ئوخشايدۇ.

بۇرۇنقى زامانلاردا پادىشاھلار بىرەر ئالىمغا جازا بەرمەكچى بولسا، ئۇنى جاھىل، ئاق – قارىنى پەرق ئەتمەيدىغان بىرىنىڭ يېنىغا سولاپ قوياتتىكەن. بىرى كالىنوستىن:

– ئىنساننىڭ قايسى ۋاقىتتا ئۆلۈشى ئەڭ توغرا بولىدۇ؟ - دەپ سوراپتىكەن، ئۇ مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

– ئىنسان جاھىل بولۇپ، ئۆزى ئۈچۈن پايدىسى ياكى زىيىنى تېگىدىغان نەرسىلەرنى بىلمىگەن چاغدا، ئۇ ئىنساننىڭ شۇ زامان ئۆلۈشى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالامنىڭ ئايالى ئائىشە ئانىمىز (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئىلىم ساھاسىدە ئۆز زامانىنىڭ ساناقلىق چوڭ ئالىملىرىنىڭ ئىچىدىن بىرى ھېسابلىناتتى.

بۈيـــۈك مۇجتەھـــد ئـــالىم ئەھـــمەد ئىبنـــى ھەنـــبەل ئۆيلىنىدىغان چېغىدا، يېقىنلىرى ئۇنىڭغا:

ــ پـالانى ئادەمنــىڭ ئىككــى قــىزى بــار، قايسىســى بىــلەن ئۆيلىنىشــنى خالىســاڭ، ئـۇنى ســاڭا ئېلىــپ بېرەلەيمــىز. ئەممــا شۇنىڭدىن خەۋىرىـڭ بولـۇپ قالسـۇنكى، قىزلارنىــڭ بىرىنىــڭ كـۆزى ئالغاي، - دەپتۇ. ئىمام ئەھمەد:

ــ قايسىســـــى بەكـــــرەك ئەقىللىــــق؟ - دەپ ســـــوراپتۇ. يېقىنلىرى ئۇنىڭغا:

ــ كـــۆزى ئالغـــاي بـــولغىنى، - دەپ جـــاۋاب بېـــرىپتىكەن، ئىمام ئەقىللىـق بـولغىنى بىـلەن ئۆيلىنىشـكە قـارار قىپتـۇ. شـۇنداق قىلىـــپ، ئەقىلـــگە بېـــرىلگەن بىباھـــا قىمـــمەت قـــاراش ئېگـــى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ.

## ھېكايە

ئىنتـايىن چـېچەن بىـر ئـادەم ئـۆيلىنىش نىيىـتىگە كېلىپتـۇ. ئەممـا كۆڭلىدىكــدەك قــز تاپالمــاپتۇ. ئـۇ، ئـۆيلەنمەكچى بولغــان قىزلارنـــى ســـىناپ باقـــدىكەن. كۆڭلىدىكـــدەك چىقمىغـــانلىقى ئۈچـۈن ئۆيلىنىشـتىن يالتىيىــپ قالــدىكەن. ئــاخىرى بىــر قىــز ئۇنىــڭ قانــداق قىــز بىــلەن ئۆيلىنىشــنى خالايــدىغانلىقىنى بىلىــپ قــاپتۇ. شـۇنىڭ بىــلەن، ئـۇ يۇشـۇرۇن ھالــدا ئـۇ ئادەمنىــڭ پۈتــۈن مىـــجەز – خـــۇلقلىرىنى سۈرۈشـــتە قىلىـــپ بىلىۋاپتـــۇ – دە، ئـــۇ ئادەمنىڭ سىنىقىدىن ئۆتـۈپ، ئۇنىــڭ بىــلەن تـوي قىلىپتـۇ. تويىنىــڭ

www.uyghurkitap.com



ئەتىسى كۈنى، ئۇ ئادەم يىپ بىلەن باغلانغان بىر بولاق قەھۋە ئېلىپ كېلىپتۇ. ئايالى ئېرىنىڭ قولىدىكى قەھۋەنى ئېلىپ، ئېھتىيات بىلەن ئېچىپتۇ. بولاقنىڭ قەغىزى ئەتراپىدا قالغان قەھۋەنى قېقىشتۇرۇپ ئېلىۋېلىپ، قەغەزنى پەم بىلەن قاتلاپ بىر تەرەپكە قويۇپتۇ. ئارقىدىن قەھۋە بولىقىنى تاڭغان يىپنى چىرايلىق يۆگەپ باشقا بىر يەرگە قويۇپتۇ. بىر چەتتە تۇرۇپ، ئايالىنىڭ ئىشىغا دىققەت بىلەن قاراپ تۇرغان ئېرى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماستىن:

ـ ۋاي خېنىم! ئۇ كىچىككىنە يىپ بىلەن بىر پارچە قەغەزنى شۇنچىلىك رەتلەپ تىزىپ ساقلىغىدەك نېمىگە ئەسقاتاتتى؟ - دەپتۇ. ئايالى:

ـ بېگىم! بۇ دېگەن بىر ئۆي، بىر نېمە دېمەك تەس. شۇنداق ۋاقىتلارمۇ كېلىپ قالىدۇكى، ئۇ ئازغىنە يىپ بىلەن بىرەر يىرتىقنى تىكىپ قېلىشىمىز، قەغەزمۇ ئىشىمىزغا ياراپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتۇق مال زىيان قىلمايدۇ ئەمەسمۇ؟ - دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئېرى ئىچىدە: "مانا ئەمدى ئىزدىگىنىمنى تېپىپتىمەن" دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەر – ئايال ئىككىسى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىناق ۋە خۇشال - خۇرام ياشاپ ئۆتۈپتۇ.

بۇ ھېكايىدىكى ئادەمنىڭ قىلىقلىرى قارىماققا بېخىللىقتەك كۆرۈنسىمۇ، مەسىلىگە ئىنچىكىلىك بىلەن قاراپ، ئادىل يەكۈن چىقىرىش كېرەك. شۇڭا، كىچىككىنە نەرسە

بولىسىمۇ، ئۇنى مەنىستىمەستىن تاشلايدىغان ئىشنى قىلماسلىق لازىم. قەھۋەنى ئورىغان كىچىك بىر پارچە قەغەز ۋە ئازراق يىپنى ساقلاپ قويۇشنىڭ، بىر قاراشتا ئانچە ئەھمىيىتى يوق. بىراق، ئۇ بىر ئائىلىنىڭ ئۆي باشقۇرۇشتىكى ئىقتىساتچانلىقىغا ۋە قائىدە – نىزامىغا باھا بېرىش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

تۆۋەندىكى ھېكايە بولسا، ھەقىقىي بېخىللىقنىڭ مىسالىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

## ھېكايە

بۇرۇنقى زاماندا ئىنتايىن بېخىل بىر ئادەم ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ شۇنچىلىك بېخىلكى، ئۆزىنىڭ يەپ - ئىچىشىگىمۇ كۆزى قىيماي، يېرىم ئاچ، يېرىم توق، بىچارە ھالەتتە ئايلىنىپ يۈرىدىكەن. بىر كۈنى بىرى ئۇنى زىياپەتكە چاقىرىپتۇ. ئۇ، زىياپەتتە ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان لەززەتلىك تاماقلارنى كۆرۈپ، بولۇشىغا يەپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئاشقازىنى بۇنداق تاماقلارغا ۋە بۇ قەدەر جىق تاماققا كۆنۈك بولمىغاچقا، تاماقنى ھەزىم قىلالماي قاتتىق ئاغرىپ قاپتۇ. كېسەلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەتكەچكە، يېقىنلىرى تېۋىپ چاقىرىپتۇ. تېۋىپ ئۇنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



_ يېگەن نەرسىلىرىڭنى تېزدىن چىقىرىۋەتمىسەڭ ئۆلۈپ كېتىشىڭ مۇمكىن، - دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بېخىل:

_ ئۆتۈنۈپ قالاي دوختۇر! ئۆلسەممۇ يېگەنلىرىم بىلەن ئۆلەي. مەن ئۇنچىۋالا ئېسىل تاماقلارنى قانداقمۇ چىقىرىۋېتەي، - دەپ تۇرۇۋاپتۇ. تېۋىپ ئۇنى مىڭ تەستە ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قاپتۇ.

باشقا بىر بېخىل ئادەم كېسەل بولۇپ قالغاندا، دوختۇر ئۇنىڭ كېسىلىدىن ساقىيىشى ئۈچۈن كېپەك يېيىشنى بۇيرۇپتۇ. كېپەك يېگەندىن كېيىن ساقايغانلىقىنى كۆرگەن بۇ بېخىل شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئائىلىسىنىڭ پۈتۈن ئەزالىرىنى كېپەك يېيىشكە مەجبۇرلاپ:

_ قاراڭلار! كېپەك ھەم ئەرزان ھەم شىپالىق. شۇڭا، سىلەرمۇ نانىڭ ئورنىغا ماڭا ئوخشاش كېپەك يەڭلاركى، بارلىق كېسەللىرىڭلاردىن ساقىيىپ كېتىسىلەر، - دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

## خۇلاسە

ئىقتىساتچان ۋە ئۆي ئىچىنى ياخشى باشقۇرۇشنى بىلىدىغان بىر ئايال بىلەن توي قىلىشنى خالايدىغان ھەرقانداق ئەر جاھىل، ھەتتا ئىخلاس سۇرۇشنىمۇ بىلمەيدىغان، ئەتىدىن كەچكىچە غەيۋەت - شىكايەت بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزىدىغان، كىچىككىنە يىرتىقنىمۇ تىكەلمەيدىغان، پۇلو بىلەن شويلىنى، شويلا بىلەن پولونى پەرقلەندۈرۈپ

ئېتەلمەيدىغان، ئىككى خىل تاماقنى قاملاشتۇرۇپ ئېتىشنى ئۆگەنمىگەن، قىسقىسى، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان بىرىنى ئېلىشنى ئەسلا خالىمايدۇ. بۇنداق بىر قىزنى، پەقەت باي بولغان تەقدىردە، ئۇنىڭ بايلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئالىدىغانلاردىن باشقا ھېچكىم ئالمايدۇ.

پۇل قولنىڭ كىرىدۇر. ئىنسان ھەر ۋاقىت پۇلنى بىرەر ئېھتىياجى ئۈچۈن خەجلەيدۇ. ئەسقاتمىغان نەرسە يوق نەرسە بىلەن ئوخشاشتۇر. بۇنداق نەرسە قانچىلىك ئاز بولسىمۇ، يەنىلا ئىنساننى بىزار قىلىدۇ. بەزى ئەرلەر ئۆي ئىچىدە قىلىنى قىرىققا يارغاندەك ئىش قىلىدۇ. نۇرغۇن نەرسىلەردە تېجەشلىك ۋە ئىقتىساتچان بولۇش بۇنداق ئەرلەرگە تولىمۇ يېقىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر نەرسىنىڭ ئاز ياكى كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى تېجەپ ئىشلىتىش، ئىسراپخورلۇق قىلماسلىق مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىسىدۇر. ئائىلىنى ياخشى ئىدارە قىلالايدىغان ئايال بولۇش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك:

1. كۆكتاتلارنى سىستېمىلىق تاماققا ئىشلىتىش.

2. ئېشىپ قالغان تاماقلارنىڭ بۇزۇلۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن تەدبىر ئېلىش.

3. داستىخاندا ئالدى بىلەن قېتىپ قېلىشقا باشلىغان ۋە قېتىپ قالغان نانلارنى يەپ تۈگىتىشكە تىرىشىش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



4. قېتىپ قالغان نانلارنى ئەخلەتكە تاشلىۋەتمەسلىك.

5. كونا كىيىملەرنى مودىسى ئۆتۈپ كەتتى دەپ، ئورۇنسىز ھالدا يېڭى كىيىملەرنى ئېلىشقا چىڭ تۇرىۋالماسلىق.

مۇشۇ سەۋەبتىن، ئۇمامۇ قىزىغا ئېرىنىڭ پۇل - مېلىنى ياخشى ئاسراشنىڭ لازىملىقىنى چۈشەندۈرگەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

## ئۇرۇغ - تۇغقانلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش

ئۇمامەنىڭ قىزىغا قىلغان نەسىھەتلىرىنىڭ سەككىزىنچىسى مۇنداق ئىدى: "ئېرىڭنىڭ يېقىنلىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلغىن". ياخشى مۇئامىلە قىلىش پەقەتلا ئەر - خوتۇن ئارىسىدىكى ئىش ئەمەس. ئۇ، پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسان ئۆزى تونۇيدىغان ۋە ياخشى كۆرىدىغان دوستىنىڭ، ئاغىنىلىرىنىڭ ياكى چوڭلىرىنىڭ يېقىنلىرىنىمۇ چوقۇم ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىگە نەپرەتلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

ئىمام غەزالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: "دوست تۇتۇلغان بىرىنىڭ قانچىلىك كۆپ دوستلىرى، ئۇرۇغ - تۇغقانلىرى ياكى يېقىنلىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلىش ۋاپادارلىقتۇر. ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈش دوستىنى ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلگەندىن بەكرەك خۇش قىلىۋېتىدۇ".

ئىككى دوست ئوتتۇرىسىدىكى ئەھۋال بۇنداق بولغان يەردە، ئېرىنىڭ ئۆزىدىن رازى بولۇشىنى خالىغان ئايال ئەلۋەتتە ئېرىنىڭ ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىغا قارىتا ئىنتايىن ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشى لازىم. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: "مېنىڭ بىر ئايالىم بار ئىدى، مەن ئۇنى ياخشى

كۆرەتتىم، ئەمما دادامنىڭ ئۇنىڭ بىلەن خۇشى يوق ئىدى. ھەتتا مېنىڭ ئۇنى قويۇۋېتىشىمنى تەلەپ قىلدى. مەن بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ئى ئىبنى ئۆمەر! ئۇنى قويۇۋەتكىن!» دېدى“.

ئىمام غەزالى بۇ ھەدىسنى بىر ئەسىردە بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: ”بىر ئايال قاچانىكى ئېرىگە ياكى ئېرىنىڭ ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىغا يامانلىق قىلسا ۋە ئەزىيەت بەرسە، گۇناھكار بولىدۇ“.

دېمەك، بىر ئادەمنىڭ ئايالنى دەپ ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىغا، بولۇپمۇ ئاتا – ئانىسىغا خاپا بولۇشى ناھايىتى چوڭ گۇناھتۇر. ھەسەن بەسرى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: ”بىر ئىنساننىڭ ئانىسى ياكى ئاتىسى ھايات بولۇپ، ناۋادا ئۇيلەنسە ئۇلارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ توي قىلمىسا، بۇ ئۇنىڭ ئەقىل – ئىدراكلىق ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر“.

ئاتا - ئانىنىڭ ھەققىنىڭ چوڭلۇقىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئانىنىڭ ھەققى دادىنىڭ ھەققىدىن تېخىمۇ چوڭدۇر. ئانىنىڭ پەرزەنتلىرىگە بولغان مېھرى - مۇھەببىتىمۇ دادىسىنىڭكىگە قارىغاندا ئىككى ھەسسە ئارتۇق. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۈچ قېتىم: كىمگە ياخشىلىق قىلاي؟ - دەپ سورىغاندا،

پەيغەمــــبەر ئەلەيھىسســــلام ئــۈچىلى قېــتىم: «ئاناڭغــا» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ساھابىلەردىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

_ ئــى اللەنــڭ ئەلچىســى! ئانــام بەكــلا ياشــىنىپ قالــدى. ئەقلــى - ھوشــىمۇ بۇرۇنقــىدەك ئەمەس. مەن ئــۆز قولــۇم بــىلەن تــامىقىنى يېگــۈزۈپ قــويىمەن، ســۈيىنى ئىچــۈرىمەن، تاھــارىتىنى ئالــدۇرۇپ قــويىمەن، بارــدىغان يېــرىگە ھاپاش قىلــىپ ئــاپىرىمەن. مەن ئۇنــىڭ ھەققىنــى ئــۆتىگەن بولىمەنمــۇ؟ - دەپ ســورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسلام:

_ يــاق! يــۈزدە بىرىنــىمــۇ ئۆتىيەلمــىدىڭ. چــۈنكى ســەن ناھــايىتى ئــاجىز چېغىڭــدا ئانــاڭ ســېنىڭ ئۈچــۈن ھېرىــپ چارچىــدى. ســېنى ئۆلــۈپ كەتمىســۇن دەپ خىزمىتىڭنــى قىلــدى. ســەن بولســاڭ، ئۇنــىڭ ئۆلــۈمىنى تىلــىگەن ھالــدا خىزمىتىنــى قىلىســەن. ئــۇنى رازى قىلــىپ بولۇشــۇڭ مــۇمكىن ئەمەس. ســەن پەقەت ئۇنىڭغــا ياخشــىلىق قىلىۋاتىســەن. بــۇ ياخشــىلىقىڭنى داۋام قىلــدۇرغىن، - دەپ جــاۋاب بەرگەن ئــىدى. ئۇلــۇغ اللە ئىنســاننى ئاتــا - ئانىســىغا ”ئوھــوش“ دېيىشــكىمۇ يــول قويمىغــان. ئەلــى رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ: نــاۋادا ”ئوھــوش“ دېيىشــتىنمۇ تــۆۋەنرەك كەلىمە بولسا ئىــدى، ئەلــۋەتتە، اللە تائــالا ئۇنىمــۇ توســقان بــولاتتى، - دېگەن.

بەزىــــدە ئىنســــانىڭ ئەقلىــــگە: ئەجەبــا، ئاتــا - ئانــا پەرزەنتلىرىنــى يامــان يولغــا بۇيرۇســا، ئۇنىڭغىمــۇ مېڭىشــقا

بولامدۇ؟ - دېگەن سوئال كېلىدۇ. بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ: قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىش قەتئىي ھالدا ھارام ئىش بولسا، ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىش توغرا ئەمەس. ئەمما ئۇلار مۇسۇلمان بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى يېمەك – ئىچمەك بىلەن تەمىنلىش، خىزمىتىنى قىلىش، پات – پات يوقلاپ، ھال - ئەھۋال سوراش لازىم.

ئۆي تۇتقان ئانىغا پەرزەنتلىرىنى قوغداش ۋەزىپىسى يۈكلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۇلارنى ئۇزاق مۇددەت كۆزدىن يىراق تۇتماسلىقى، ئۆزىدىن چوڭ باللار بىلەن دوستلۇق ئورنىتىشقا يول قويماسلىقى كېرەك.

ئۆيدە بويىغا يېتىپ قالغان قىزلىرى بار ئانىلار ھەر خىل باھانىلار بىلەن ئۆيگە كىرىشكە ئورۇنغان قوشنا ياكى تۇغقان ئوغۇللارغا دىققەت قىلىشى لازىم.

شۇنىڭدەك، دىيانەتلىك ۋە تەقۋا بولمىغان قۇدا – باجا، ئۇرۇغ – تۇغقانلاردىن يىراق تۇرۇش ئۇلار بىلەن قويۇق بادى – كەلدى قىلىشتىن ياخشىدۇر. ﷲنى تونىمىغان تۇغقانلاردىن ﷲنى تونىيدىغان ياتلارنى ئەلا بىلىش كېرەك.

ئاتا - ئانىسى مۇسۇلمان بولمىغان بىرىنىڭ: مەن ئۇلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولسام، مېنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا

تارتىپ كېتىشى مۇمكىن، دەيدىغان ئەندىشىسى بولسا، ئۇلارنى يوقلاپ بارمىسىمۇ بولىدۇ. شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ گۇناھقا ئېلىپ بارىدىغان خىزمىتىنىمۇ قىلماسلىقى لازىم. مەسىلەن، ئاتا - ئانىسىنى ياكى ئۇرۇغ- تۇغقانلىرىنى چېركاۋغا ئوخشاش اللهتىن باشقىغا ئىبادەت قىلىدىغان باتىل يەرلەرگە ئېلىپ بارماسلىق كېرەك. ئەمما ئۇلار چېركاۋدىن قايتىپ كېلىۋاتقان بولسا، ياردەمگە موھتاج بولغان تەقدىردە، ئۇلارنى ئۆيىگىچە ئاپىرىپ قويسا بولىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن بىرى ئاتا - ئانىغا لەنەت ئېيتىشتۇر» دېگەن. بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلەر:

ــ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! كىشى ئاتا - ئانىسىغا قانداقمۇ لەنەت ئېيتسۇن؟ - دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بىر كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى تىللايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇمۇ ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى تىللايدۇ. نەتىجىدە، ھەر ئىككىسى ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا لەنەت ئېيتقان بولىدۇ، - دەپ جاۋاب بەرگەن.

يۇقىرىدا ئاتا - ئانىغا ھۆرمەت قىلىشنىڭ لازىملىقى ناھايىتى ياخشى چۈشەندۈرۈلدى. شۇڭا بۇنى ياخشى ئويلاش كېرەككى، قايسىبىر ئەر ئاتىسى ياكى ئانىسىغا ئايالىنىڭ زۇلۇم

قىلىشــــىغا رازى بولــــدۇ؟ بۇنــــداق ئايالنىــــڭ ئەســــكىلىكىگە زادى قانچىلىـــــك ئـــــادەم ســــەۋر قىلالايــــدۇ؟ ئايــــاللار ھەرگىزمــــۇ: بىشــەملىكىمگە ســەۋر قىلغــان ئېــرىم ئەۋلىيــا بولــدۇ، دەپ ئــويلاپ قالمىسۇن. بــۇ ئىشــتا زىيــان تارتىــدىغىنى يەنــىلا ئاياللارنىــڭ ئــۆزى بولــــدۇ. ئۇلارنىــــڭ ئەســــكىلىكلىرى ۋە ئېرىنىــــڭ نەپرىتــــى دۇنيــــادا ئــۇلارنى بەختســـىز قىلســـا، ئـــاخىرەتتە مەڭگۈلــۈك ئازابقـــا دۇچـــار بولىدۇ.

شــــۇنىمۇ ئەســــكەرتىپ ئۆتــــۈش كېرەككــــى، ئاياللارنىــــڭ ئەرلەرگە ئىتــــائەت قىلىشــــى بىــــر ۋەزىپىــــدۇر. ئەممــــا ئەرنىــــڭ مــــجەزى ئوســــال ئايالغــــا ســــەۋر قىلىشــــى ئۇنىــــڭ مەجبــــۇرىيىتى ئەمەس، بەلكــى ئېســىل پەزىلىتىــدۇر. يەنــى ئەرلەر خوتۇنلىرىنىــڭ ئەســــكىلىكلىرىگە ســــەۋر قىلىشــــقا مەجبــــۇر ئەمەس. شــــۇنىڭ ئۈچــۈن، ئايــاللار: قانــداق قىلســاق بــولاتتى، ئەرلەرمــۇ بىــزگە ســەۋر قىلىپ باقسۇن، چىدىسۇن، دېيەلمەيدۇ.

ئىنســـان ئــۆزىنى گــۈزەل ئەخلاقــى بىــلەن ھەمــمە ئــادەمگە ياخشــى كۆرسىتىشــى لازىــم. ئىنســانلارنىڭ ئــارزۇ قىلىــدىغىنى دەل مۇشــۇ. بۇنــداق قىلىشــىنىڭ ئورنىغــا، ئىنســانلارنى گۇناھقــا ئېلىــپ بارىــدىغان ئىشــنى قىلىــش ھەرگىزمــۇ ئۇيســتىلىق يــاكى دۇرۇســلۇق ئەمەس، بەلكى شەيتاننىڭ ئارقىغا كىرگەنلىكتۇر.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## ئەرنى ئەر قىلىش ئايالنىڭ قولىدا

بىر ئادەم بىرقانچە خوتۇن ئالغان بولسىمۇ، ھېچبىرى بىلەن ئەپ ئۆتەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا ئالغان خوتۇنىغا تۇنجى ئاخشامدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ قانچىلىك ناچار مىجەزلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى قارار قىلىپتۇ. بىراق ئۇ گېپىنى تۈگەتمەستىنلا، خوتۇنى:

ـ ۋاي بېگىم! خۇي - پەيلى سىزنىڭكىدىنمۇ ئەسكى بولمىغان بىرى سىزنى ئەسكىلىك قىلدۇرالمايدۇ. بۇرۇنقى خوتۇنلىرىڭىزنىڭ ئۆزلىرى ناچار بولغانلىقلىرى ئۈچۈن سەندىن يامانلىق كۆرگەن گەپ، - دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئەر ئاخىرقى ئايالى بىلەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىناق ۋە بەختلىك ھايات كەچۈرۈپتۇ. شۇڭا، بىر ئائىلىدە بەخت – سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، تۆۋەندىكىلەرگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك:

1 - ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ياخشى بىلىشى لازىم.

2 - ھەر ئىككى تەرەپ گۈزەل ئەخلاقنى ئۆزلەشتۈرۈشكە تىرىششى لازىم.

3 - ئەدەپ – ئەخلاقلىرىنى قوغدىشى لازىم.

4 - خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغاندا، ئۇنى تۈزىتىشكە تىرىشىش ۋە قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش لازىم.

5 ـ ناۋادا ئەر كىشى قوپال، مىجەزى چۇس بىرى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى يۇمشىتىشقا تىرىشىش لازىم.

6 ـ ئېرى بىئارام، كۆڭلى يېرىم، قايغۇلۇق، غەمكىن، دەرتلىك ۋاقىتلىرىدا، ئايالى ئېچىلىپ – يېيىلىپ يۇرمەسلىكى، ئەكسىچە ئۇنىڭغا غەمگۇزار بولۇشى ۋە دەردىگە يېتىشى لازىم.

7 ـ ئېرى خۇشال ـ خۇرام بولغان چاغلاردا، ئايالى ئۆزىنى غەمكىن كۆرسەتمەسلىكى لازىم.

ئۇمامە قىزىغا قىلغان نەسىھىتىدە: "قىزىم! سەن ئېرىڭگە قانچىلىك ھۆرمەت كۆرسەتسەڭ، ئۆزەڭنى ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ياخشى كۆرستەلەيسەن. ئۇنىڭ دېگەن يېرىدىن قانچىلىك چىقالىساڭ، شۇنچىلىك ياخشىلىقنى قولغا كەلتۇرەلەيسەن. مۇشۇنداق ھەرىكەت قىلالىساڭ، ئېرىڭگە خالىغىنىڭنى قىلدۇرالايسەن“ دېگەن.

ئائىلىدە ياخشى ئۆتۈش ئۈچۈن، ئەرلەرنىڭمۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بەزى ئىشلار بار. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. ھەرقانداق ئەر ئايالىنى دىنىمىز بۇيرۇغان ۋە توسقان ئىشلارنىڭ سىرتىدىكى ئىشنى قىلىشقا مەجبۇرلىماسلىقى لازىم.

2. دۇنيادا كەمچىلىكى يوق ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى ئەقلىدىن چىقارماسلىقى لازىم.

3. سىرتتىن قارىماققا، كۆزنىڭ يېغىنى يېگىدەك چىرايلىق قىز - ئاياللارنىڭمۇ ناھايىتى ناچار خۇيلىرىنىڭ بارلىقىنى ئويلاش لازىم.

4. ئايالى الله بەرگەن ئامانەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ھەر ۋاقىت ئوچۇق – يورۇق ۋە يۇمشاق مۇئامىلە قىلىشى، چىرايلىق سۆز قىلىشى لازىم.

5. ئايالىنىڭ ھەربىر خاتالىقىنى ئۇنىڭ يۈزىگە سالماسلىقى لازىم.

6. ئاياللارنىڭ يۈزىنىڭ گۈزەللىكى ۋاقىتلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆيلەنگەندە ھەمىشە ئەخلاقى ياخشى قىزلارنى تاللىشى لازىم.

ئاتا – ئانىلار ھەم ئائىلىدىكى خاتىرجەملىكنىڭ داۋام قىلىشى ھەم باللارنىڭ ياخشى تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا ناچار مۇئامىلە قىلىش ۋە ئەزىيەت بېرىشكە ئوخشاش ئىشلاردىن ساقلىنىپ، باشباشتاق چوڭ بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى، اللهنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىدىغان ئىشلاردا ئۇلارغا ياردەم بېرىشى لازىم. مۇشۇنداق قىلىش ھەربىر ئاتا – ئانىغا ۋاجىپتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله تائالا پەرزەنتلىرىنىڭ ياخشى ئىش قىلىشى ۋە ياردەمدە بولۇشىغا شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن ئاتىلارغا رەھمەت ۋە مەغپىرەت قىلسۇن!» دېگەن.

ئۇلـۇغلاردىن بىــرى: ”بىــر ئوغلـۇم بــار. 30 يىلــدىن بېــرى، ناۋادا ئۇ دېگىنىمنــى قىلمــاي قالســا، گۇناھكــار بولـۇپ ئازابقــا لايىــق بولـۇپ قېلىشــىدىن ئەنســرەپ، بىــرەر قېتىممــۇ: ئــۇنى قىــل، بــۇنى قىلما! دەپ بۇيرۇق بېرىــپ باقمىــدىم“ دېــگەن. بــۇ زاتــتەك بولـۇش ھەمـــمە ئـــادەم قىلالايـــدىغان ئـــش ئەمەس. ئەممـــا ئىنســـان شـــۇنچىۋالا جاپـــا ـ مۇشـــەققەتتە چـــوڭ قىلغـــان پەرزەنتلىرىنـــىڭ دۇنيــا ۋە ئــاخىرەتتە بەخــتكە ئېرىشىشــى ئۈچــۈن، ھەر جەھەتــتىن يــاردەم قىلىشــى كېــرەك. بۇنــداق قىلىشــمۇ ھەربىــر ئاتــا ـ ئانىغــا ۋاجىپتۇر.

بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ ئــى اللەنىــڭ پەيغەمبىــرى! كىمــگە ياخشــىلىق قىــلاي؟ ـ دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسلام:

ــ ئاناڭغـــا ۋە داداڭغـــا ياخشـــىلىق قىلغـــىن، ـ دەپ جـــاۋاب بەردى. ئۇ كىشى:

ــ ئاتـــا ـ ئانـــام يـــوق، ـ دېـــگەن ئـــدى، پەيغەمـــبەر ئەلەيھىسسلام:

ــ ئۇنــداق بولســا، بالىلىرىڭغــا ياخشــىلىق قىلغــىن. ئاتــا ـ ئاناڭنىــڭ ســېنىڭ ئۈســتىڭدە ھەققــى بولغىنىــدەك، بــالىلىرىڭنىڭمۇ سېنىڭ ئۈستىڭدە ھەققى بار، ـ دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىن ئادرېسى



## ھېكايە

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلى باركەن. بىر ئاخشىمى ئۇلار پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. دادىسى كىچىك ئوغلىغا:

ـ ئوغلۇم! ماڭا بىر قاچا سۇ ئەكىلىپ بەرگىنە! ـ دەپتۇ. ئوغلى:

ـ ئۆزەڭ بېرىپ ئىچ! ـ دەپتۇ. بىر ياندا ئولتۇرغان چوڭ ئوغلى:

ـ ۋاي دادا! كىچىك ئوغلۇڭنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى بىلمەمسەن؟ قويۇقىنە، ئۆزەڭ بېرىپ ئىچ، ماڭىمۇ بىر قاچا سۇ ئېلىپ كەلگىن، ـ دەپتۇ.

الله تائالانىڭ: «ئاتا ـ ئانىلارغا ”ئوھ ـوش“ چاغلىق سۆزنىمۇ قىلماڭلار» دېگەن بۇيرۇقى نەدە قالدى؟ بۈگۈنكى دەۋردە، پەرزەنتلەر ئاتا – ئانىلار بىلەن تەڭ تۇرۇپ غەلۋە قىلىدۇ. ھەتتا بەزى پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىسىغا دېۋەيلەپ، قول كۆتۈرۈشتىن، ھەتتا ئۇرۇشتىن يانمايدۇ. بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ئەھۋال – ھە!؟ بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق جىنايەت بارمۇ!؟

بۇنىڭغا ئوخشاش ئىسيانكار ئەمەللەردە قاباھەتنىڭ ھەممىسىنى باللارغىلا دۆڭگەپ قويۇش تازا ئادىللىق ئەمەس. ئۇلارنىڭ بۇنداق ھالغا چۈشۈپ قېلىشىدا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ناھايىتى چوڭ ھەسسىسى بار، ئەلۋەتتە. بولۇپمۇ، بەزى ئاتا –

ئانىلارنىــــڭ: بالامغــــا تەربىــــيە قىلىــــمەن، تــــۈزىتىمەن، دەپ ھە دېيىــــلا ئــــۇرۇپ، ئــــۇنى تاياققــــا ئادەتلەنــــدۈرۈپ قويۇشــــى تېخىمــــۇ تــوغرا ئەمەس. ھېيىقمايــدىغان بــالا چــوڭ بولغانســېرى ھــېچ گەپ ئاڭلىمايــدىغان بولىــدۇ. بۇمــۇ يەتمىگەنــدەك، باللارغــا دۇئــايىبەت قىلىــش ئــۇ بالىنىــڭ تېخىمــۇ ئەسكىلىشــىپ كېتىشــىگە ســەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

بىــر كىشــى ئابــدۇللاھ ئىبنــى مۇبارەكنىــڭ ئالــدىغا كېلىــپ، پەرزەنتىنىــــڭ ئــــۆزىگە بويســــۇنمايۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭغــــا ھــــېچ گەپ ئۆتكــــۈزەلمىگەنلىكىنى ئېيتىــــپ قاقشــــاپ بەرگەنــــدە، ئابــــدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك:

_ ســــەن پەرزەنــــتىڭگە دۇئــــايىبەت قىلغانمىــــدىڭ؟ - دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئادەم:

_ شــۇنداق، ئۇنىڭغــا پــات - پــات بەتــدۇئا قىلاتــتىم، - دەپ جاۋاب بېرىپتىكەن، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك:

_ ئۇنــــداق بولســــا، نــــېمە ئۈچــــۈن قابــــاھەتنى بالاڭــــدىن ئىزدەيســەن؟ ســەن ئىشــنىڭ بېشــىدىلا ئــۇنى بــۇزۇپ بولۇپســەن ۋە گۇناھكار بولۇشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىپسەن، - دەپتۇ.

شــــــۇنداق بولغــــــانىكەن، ئاتــــــا – ئانىنىــــــڭ ۋەزىپىســــــى پەرزەنتلىرىنــــى ياخشــــى تەربىــــيىلەش، قــــاتتىق ئاچچىقلانغــــان ۋاقىتلاردىمــــۇ ئــــۇلار ئۈچــــۈن خەيرلىــــك دۇئــــالارنى قىلىشــــتىن ئىبــــارەت. بۇنىڭــــدىن باشــــقا يەنە، باللارغــــا تۆۋەنــــدىكىلەرنى ئۆگىتىش لازىم:

1 ـ كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش ئەخلاقىنى ئۆگىتىش لازىم.

2 ـ تويى قىلىش يېشىغا يېتىپ قالغان قىزلارغا ئېرىگە ئىتائەت قىلىش ۋە ئېرىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىنلىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىتىش لازىم.

3 ـ قىزلارنىڭ يېنىدا قېيىناتا ۋە قېيىنانا ئەيىبلەنمەسلىكى لازىم. چۈنكى قىز ئاتا – ئانىسىنىڭ ئۆيىدە بۇلارنى ئاڭلىسا، ياتلىق بولماي تۇرۇپلا، تېخى كۆرمىگەن، تونۇمىغان، بىلمىگەن قېيىناتا ۋە قېيىنانىسىغا قارىتا خاتا چۈشەنچىدە بولۇپ قالىدۇ، ئېرىنىڭ ئۆيىگە ئاشۇ چۈشەنچە بىلەن بارىدۇ. نەتىجىدە، چىقىشالمايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. ھېچقانداق ئەر ئاتا – ئانىسىنى: ئايالىمنىڭ مىجەزىگە ماسلىشالمىدى، دەپ تاشلاپ كېتەلمەيدۇ.

ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، بىر ئايال تويى قىلغاندا، ئېرىنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئايالىدىن قالغان بالىلىرى بولسا، ئۇنىڭ ئۇلارغا قىلىدىغان مۇئامىلىسىدۇر. مۇنداق ۋەزىيەتتە، ئۇنىڭدىن كۈتۈلىدىغىنى شۇكى، ئۇنىڭ ئۇلارنى باغرىغا بېسىشى، ئۆزىنىڭ بالىسىدەك كۆرۈپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىدىن ئىبارەت. بالىنىڭ دادىسى ئۇنى تەربىيىلەش، ئەدەپلەش ئۈچۈن ئاچچىقلىنىشى، ھەتتا نۆرۋەتتە كەلگەندە ئۇرۇشى مۇمكىن. ئەمما باشقا بىرىنىڭ ئۇنى ئۇرۇشىغا ۋە ئازارلاپ خورلىشىغا رازى بولمايدۇ.

تولىمۇ ئەپسۇسكى، بەزى ئاياللار ئۆگەي بالىلىرىنى قوشنىلىرىنىڭ بالىلىرىچىلىكمۇ كۆرمەيدۇ. ئۇلارغا كۆلۈمسىرەپ قاراش ئۇياقتا تۇرسۇن، تاياق ۋە دەشنام بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ھېچقانداق دادا بالىسىنىڭ بۇنداق مۇئامىلە ۋە خورلاشقا ئۇچرىشىغا رازى بولمايدۇ. دادىنىڭ بۇنداق ئەھۋاللارنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئىنكاس قايتۇرماسلىقى، يا ئائىلىدە خاتىرجەمسىزلىك يۈز بەرمەسلىكى، يا ئۆزى ئۆيدە يوق چاغدا بالىسىنىڭ بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر مۇئامىلىگە قالماسلىقى ئۈچۈندۇر.

مۇنداق دادىنىڭ ئايالىغا بولغان سۆيگۈ – مۇھەببىتى ئۆگەي ئانىنىڭ ئۆگەي بالىغا بولغان مۇئامىلىسىگە مۇناسىۋەتلىكتۇر. شۇڭا ئۇ ئۆگەي بالىسىنى قانچىلىك ياخشى باقسا، ئېرى ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ئايالى دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئاياللاردىن بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇزۇنغا بارماي ئېرى ئۇنىڭغا نەپرەتلىنىدۇ.

ئۆگەي ئانىلار يۇقىرىدىكى سۆزلىرىمىزدىن ئاغرىنمىسۇن. چۈنكى بىز بۇلارنى دۇنيا ھاياتىدا مىڭلارچە مىسال بولغانلىقى، ھەتتا ئۆگەي ئانىلارنىڭ قىلمىشلىرى تىللارغا داستان بولغانلىقى ئۈچۈن يازدۇق. بىر ئانا ئۆز بالىسىغا بىرەر كىشىنىڭ كۆز ئالايتىپ قويۇشىنىمۇ قوبۇل قىلالمايدۇ. بۇنداق بولۇشى ناھايىتى نورمال ئەھۋالدۇر. ئەمما شۇنىمۇ ئۇنۇتماسلىق لازىمكى، دادىمۇ ئانا بىلەن ئوخشاش ھېس – تۇيغۇغا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى



ساھىبتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئانا ئۆگەي باللىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى لازىم.

گەرچە ئەمەلىيەتتىن يىراق بولسىمۇ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، ناۋادا بالىسىنى ئۆگەي ئانىنىڭ خارلىغانلىقىنى ۋە خورلىغانلىقىنى كۆرگەن بىر دادا ئۇنىنى چىقارمىغان، ئانچە كۆچەيمۇ كەتمىگەن، ھەتتا بىئاراممۇ بولمىغان تەقدىردە، ئاشۇ ئۆگەي ئانا ئاخىرەتتە يېتىم – يېسىر، كۆڭلى سۇنۇق باللار ھەققىدە ئۇنلارچە ئايەت نازىل قىلغان جانابى اللهقا نېمىدەپ جاۋاب بېرەر!؟

ئۇلۇغ الله يېتىم - يېسىر، كۆڭلى سۇنۇق، ئانىسى يوق باللارنىڭ ئازارلىنىشىغا، خورلىنىشىغا، زۇلۇم قىلىنىشىغا ھەرگىزمۇ رازى بولمايدۇ. بۇنى يالغۇز ئۆگەي ئانىلارلا ئەمەس، بەلكى، ئۆگەي دادا ياكى يېتىم باللارنى باققان ھەرقانداق ئادەم ياخشى بىلىشى لازىم. ئاتا – ئانىسىدىن يېتىم قالغان باللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش ھەققىدە نۇرغۇن ئايەت ۋە ھەدىس بايان قىلىنغان.

بىر ھەدىس شەرىپتە: «كىمكى بىر يېتىمنىڭ بېشىنى سىلىسا، ئۇنىڭغا شۇ يېتىمنىڭ چېچىنىڭ سانىچىلىك ئەجىر ۋە ساۋاب بېرىلىدۇ» دېيىلگەن. يەنە بىر ھەدىستە: «الله تائالا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئۆي، ياخشى مۇئامىلە قىلىنغان يېتىم بار ئۆيدۇر» دېيىلگەن.

يېــتىم بــالا بــار يەردە باشــقا بــالىلارنى سـۆيۈپ، بېشــىنى ســىلايدىغان ئىشــنى قىلماســلىق لازىــم. يېــتىم بــالىنى ھەقسىــز ئىشلىتىش ھارامدۇر.

ئۇلــۇغ دىنىمىــز يېــتىم - يېســىر ۋە ئانىســىز بالىلارنىــڭ ھەقلىرىگە ئالاھىــدە ئەھمىــيەت بېرىــدۇكى، ئــۇلارنى يېشــىغا مــاس كەلمەيــدىغان چــوڭ يــاكى ئېغىــر ئىشــلارغا ســېلىش، ئېغىــر نەرســىلەرنى كۆتۈرتــۈش، قىلالمايــدىغان ئىشــلارنى قىلىشــقا زورلاش ئۆتــۈپ كەتــكەن ئىنساپســىزلىقتۇر. بۇنــداق كىشــىلەرنىڭ ئــاخىرەتتە دۇچــار بولىــدىغان ئــازابىنى ئــويلاپ، ئۇلارغــا ياخشــى مۇئــامىلە قىلىشــقا ھەرىــكەت قىلىشــى ئــۆزلىرى ئۈچــۈن پايدىلىقتۇر.

جانــابى اللە يېــتىم – يېســىرلارغا ۋە ئانىســىز بالىلارغــا كــۆز يېشــى تۆكتــۈرگەنلەرنى بــۇ دۇنيــا خۇشــاللىقىدا ئېرىشــتۈرمەيدۇ. ئۇلارغــا يەتكــۈزگەن ئەزىيەتلىــرى ۋە جاچالىرىنىــڭ جازاســىنى ھەسسىلەپ تارتىدۇ.

| |
|---|
| ئەر ئەتىگەنلىســى ئىشــقا ماڭغانــدا، ئايــالى ئــۇنى ئىشــكتىن خۇشاللىق بىــلەن ئۇزىتىــپ قويۇشــى ۋە ياخشــى دۇئــا قىلىشــى، ئاخشــىمى ئــۆيگە كەلــگەن چاغــدا، ئــۇنى يەنە ئىشــكتىن خۇشــاللىق بىــلەن كۈتۈۋېلىشــى ۋە ھــال – ئەھــۋالىنى سورىشــى لازىم. |

www.uyghurkitap.com



## خۇلاسە

ئانىسىز قالغانلارغا، يېتىملەرگە قانچىلىك مېھرى - شەپقەت كۆرسىتىلسە، شۇنچىلىك ياخشى ئىش قىلىنغان بولىدۇ. ئۆگەي دادىلارمۇ يېتىم باللىرىغا خۇددى ئۆزىنىڭ پەرزەنتىدەك، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك مېھرى - شەپقەت كۆرسىتىشى، ئۇلارنىڭ ئىلىم - پەن، ھۈنەر – سەنئەت، تېخنىكا ۋە كەسىپ ئۆگىنىشى ئۈچۈن ياردەم قىلىشى لازىم.

ئۆگەي ئانىلار، خۇددى بۆرىلەر ئانىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان قوزىلارنى ئوۋلىغىنىدەك، ئانىسىز قالغان باللارنى بۆزەك قىلماسلىقى، ئۇلارنى ئۆز بالىسىدەك باغرىغا بېسىشى، چىرايلىق ئۇسۇلدا تەربىيىلەپ، ياخشى يېتىشتۈرۈشى لازىم. ئۇلارنى ئىتتىرىپ، دۈشكەلەيدىغان ئىشنى ئۆزى قىلماسلىق بىلەن بىرگە، دادىسى ئۇرماقچى بولغاندا، ئۇنى توسۇۋېلىپ، باللارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىم. ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بالىسى بار ئەرگە ئۆزىنى ياخشى كۆرسىتىشىنىڭ ئەڭ توغرا يولى ئاشۇ ئانىسىز بالىغا خۇددى ئۆز ئانىسىدەك كۆيىنىشتىن ئىبارەت.

ئاياللار ئاشۇنداق يېقىنلىق ۋە ياخشىلىقنى ئەينى ۋاقىتتا ئېرىنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرىغىمۇ كۆرسىتىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئېرىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشەلەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئۇمامە قىزىغا قىلغان نەسىھەتلىرىدە: ”ئېرىڭنىڭ يېقىنلىرىغا ياخشى مۇئامىلە

قىلىشىڭ، سىڭىنىڭ تەدبىرلىك ۋە ئىشلارنى ياخشى ئىدارە قىلالايدىغان بىرى ئىكەنلىكىڭنىڭ ئالامىتىدۇر“ دېگەن.

كىشىنىڭ ئۈستىدە قولۇم - قوشنىلارنىڭمۇ ھەققى بار. بۇ ھەققە ئەگە بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ بىر - بىرگە يېقىن بولۇشى، يەنى قارىماققا يېقىن كۆرۈنۈشىدۇر.

كۆرۈنۈشتىكى يېقىنلىق بىرمۇنچە ھەققنى ۋاجىپ قىلغان يەردە، ئېرىگە ئوخشاش ھەم ئىتائەت قىلىشى بۇيرۇلغان ھەم ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن ئەڭ يېقىنى بولغان بىرىنىڭ ھەققلىرى تەسەۋۋۇر قىلغاندىن كۆپ بولىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاياللار ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشى ۋە ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم.

قولۇم - قوشنا ھەققلىرى ھەققىدە توختالغان ئىكەنمىز، بۇنى بىرئاز كېڭەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. خېلى كۆپ ساندىكى كىشىلەر قوشنىلارنىڭ ھەققىگە تېگىشلىك شەكىلدە رىئايە قىلىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. بەزى يەرلەردە بولسا، پۈتۈنلەي ئەھمىيەت بېرىلمەيۋاتىدۇ. بولۇپمۇ، قوشنىلارنىڭ ئاياللىرى ئۆزئارا چىقىشىپ ئۆتۈشىنىڭ ئورنىغا، كېچە - كۈندۈز بىر - بىرىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشىپ ياشايدۇ. ”بۆرىمۇ قوشنىسىغا يامانلىق قىلمايدۇ“ دېگەن سۆز خەلق ئارىسىدا تىلدىن تىلغا تارقىلىپ يۈرسىمۇ، ئۇلار يەنىلا بىر - بىرىنى كۆرەلمەي، كىشىنى بىئارام قىلىدىغان سۆز — ھەرىكەتلەرنى قىلماقتا.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## ھېكايە

ھال - ئەھۋالى يامان ئەمەس بىر ئادەمنىڭ بىر تۇياق ئىنەكى بار ئىكەن. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىنەكنى سېغىپ، سۈتىنىڭ بىر قىسمىنى يېقىن قوشنىسى بولغان ياشانغان بىر تۇل ئايالغا ئەكىرىپ بېرىدىكەن. ئۇ ئادەم بىر ئاخشىمى قوشنىسىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، قوشنىسىنىڭ يىلىنىپ يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئىچىدە: "ماشائاللاھ! ئايال نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ﷲقا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ" دەپ ئويلاپتۇ. شۇ ئارىدا ئىچىگە: قانداق دۇئا قىلىۋاتقاندۇ؟ دېگەن ئوي كىرىۋاپتۇ ۋە ئۇ ئايالنىڭ دۇئاسىغا قۇلاق سېلىپتۇ. بىراق، نېمە ئاڭلاپتۇ دېمەمسىلەر؟ ئۇ ئايال:

_ ئى ﷲ! شۇ تام قوشنامنىڭ ئىنىكىنىڭ جېنىنى ئالغىن!

- دەپ دۇئا قىلىۋاتقىدەك. ئۇ ئادەم قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي، قۇلاقلىرىنى تېخىمۇ يېقىن ئەكېلىپ تىڭشىسا، ئايال يەنە ئاشۇ دۇئانى تەكرارلاۋاتقىدەك. ئۇ ھەيرانلىق ئىچىدە قاپتۇ ۋە: بۇ ئايال ئىنەكتىن نېمە زىيان كۆرگەندۇ؟ مەن بىلمىگەن بىرەر سەۋەب بارمىدۇ - يا؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئىنەكنىڭ سۈتىنى ئىچىۋاتقان تۇرسا؟ دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ. ئەمما سەۋەبىنى ھېچ ئويلاپ يېتەلمەپتۇ.

ئەتىسى تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، ئۇ ئادەم ئادىتى بويىچە ئىنىكىنى سېغىپ، سۈتىنىڭ بىر قىسمىنى ئۇ ئايالغا ئېلىپ كىرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

ـ ھۆرمەتلىك ھەدە! ئويلىشىمچە، ھازىرغىچە بىزنىڭ ئىنىكىمىزنىڭ سىزگە ھېچقانداق زىيىنى بولمىدى. ئەكسىچە، ئۇنىڭ پايدىسى بولسۇن دەپ، قولىمىزدىن كەلگەننى قىلىۋاتىمىز. سىز نېمە ئۈچۈن ئاخشام ئۇنىڭغا يىغلاپ تۇرۇپ بەددۇئا قىلغانتىڭىز؟ مەن بۇنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم، - دەپتۇ. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنى ئىنكار قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغان ئايال:

ـ ھۆرمەتلىك قوشنام! ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن راست گەپنى قىلسام، سېنىڭ ئىنىكىڭدىن ھېچقانداق زىيان كۆرمىدىم. پەقەت ھەر كۈنى ئەتىگەنلىسى ئۇنىڭ جىرت - جىرت قىلىپ سېغىلىشىغا چىدىيالمىدىم. مەن ئۇنىڭ سۈتىنىمۇ ئىچىمەي، سۈتىنىڭ سېغىلغان ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىماي، - دەپتۇ. كىشى مۇنداق قوشنىلاردىن ﷲقا سېغىنىپ پاناھ تىلىشى لازىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۆي ئېلىشتىن بۇرۇن قوشناڭنى سۈرۈشتە قىلغىن!» دېگەن ھەدىسى ۋە بۇ ھەدىستىن ئېلىنغان: ”ئۆي ئالما، قوشنا ئال“ دېگەن ماقال - تەمسىل قوشنا تاللاشنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى،

www.uyghurkitap.com

بۇنىڭغا قاتتىق دىققەت قىلىشنىڭ كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

قوشنىنىغا ياخشىلىق قىلىش ئىسلام ئەخلاقىدىندۇر. قوشنىلارنىڭ بالىلىرى ئۇچرىغاندا، ئۇلارنىڭ دۇمبىلىرىنى سىلاش، چىرايلىق ۋە تاتلىق سۆزلەر بىلەن ھال - ئەھۋال سوراش، قوشنىغا خۇشچىراي مۇئامىلە قىلىش لازىم.

قوشنىنا بىر نەرسە سوراپ كىرگەندە، مۇمكىن بولسا بېرىش، ئاغرىپ قالغاندا ھال - ئەھۋال سوراش، بېشىغا بىرەر مۇسىبەت كەلسە، كۆڭلىگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن يوقلاپ كىرىش، خۇشاللىق كۈنلىرىدە ئۇنى قىزغىن تەبرىكلەپ، خۇشاللىقىغا ھەمنەپەس بولۇش لازىم.

قوشنىنىڭ ئۆيىنىڭ ھەممە يەرلىرىگە ۋە بالىلىرىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىگە دىققەت قىلىپ قارايدىغان ئىشنى قىلماسلىق، دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە ئالاقىدار بىلمەلەرنى قوشنىلاردىن ئۆگىنىشكە توغرا كەلسە، ھېچ ئىككىلەنمەي ئۆگىنىش، شۇنداقلا، ئۇلاردىن خاتالىق ئۆتكۈلگەندە ئۇنى كەچۈرۈۋېتىش لازىم.

قوشنىلارنىڭ ئازار ۋە جاپالىرىغا چىداشنىڭ ئۆزىمۇ قوشنىدارچىلىق ھەقلىرىنىڭ بىرىدۇر. قوشنىلارنى بىئارام قىلىدىغان ئىشلاردىن، ۋاقىراپ – جاقىراش ۋە تاراق - تۇرۇق ئاۋازلاردىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم. ھەممە ئادەم ئوخشاش گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇپ كېتەلمەيدۇ. ئەھۋال شۇنداق

بولغــانىكەن، بەزى قوشــنىلارنىڭ مىــجەز - خــاراكتېرلىرىنى تــوغرا چۈشــىنىش كېــرەك. قوشــنىلارنىڭ ئــار - نومۇســىغا قەتئىــي كــۆز سالماسلىق لازىم.

خۇلاســە قىلىــپ ئېيتقانــدا، بىــر ئايــال ئۆچــۈن ھەم ئېرىنىــڭ يېقىنلىرىغــا ھەم قوشــنىلارغا ياخشــى مۇئــامىلە قىلىــش ۋە ئــۇلار بىلەن ياخشى ئۆتۈش ئۇنىڭ ئائىلىق ۋەزىپىلىرىدىن بىرىدۇر.

| |
|---|
| ھەســـەتخورلۇق ۋە خاتىرجەمســـىزلىك پەقەت اللهنىـــى كـــۆپ زىكىـــر قىلىـــش بىـــلەن تۈگەيـــدۇ. ھـــاراق ئىچىـــش، تاماكـــا چېـــكىش ۋە ئويـــۇن – تاماشـــا بىـــلەن بولـــۇش كىشـــىنى قىيىنچىلىقـــتىن قۇتۇلدۇرالمايـــدۇ. بـــۇ پەقەت شـــەيتاننىڭ ئىشـــىدۇر. ئەســـلىدە، بۇلارغـــا بېـــرىلىش خـــاتىرجەملىكنى ۋە راھەت – پاراغەتنى پۈتۈنلەي يوق قىلىدۇ. |

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



# سىر ساقلاش

ئۇمامەنىڭ قىزىغا قىلغان نەسىھەتلىرىنىڭ توققۇزىنچىسى: ”ئېرىڭنىڭ سىرلىرىنى ھېچكىمگە دېمە!“ دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. سىرلىرى باشقىلار تەرىپىدىن بىلىۋېلىنغان ئىنسانلار ساناقسىز زىيانلارغا ئۇچرايدۇ ۋە ساناقسىز مەنپەئەتتىن مەھرۇم قالىدۇ. ھەدىس شەرىپتە: «كىمكى سىرىنى ھېچكىمگە دېمەستىن ساقلىيالىسا، ئىشىنى ئۆز ھەققى بىلەن ئادا قىلغان بولىدۇ» دېيىلگەن.

ئىنسانىنىڭ قەلبى سىر ساقلايدىغان ساندۇق، ئېغىز ئۇ ساندۇقنىڭ قۇلۇپىسى، تىل ئاچقۇچىدۇر. ناۋادا ئۇ، ئاچقۇچنى ياخشى تۇتالمىسا، يەنى تىلنى ياخشى تىزگىنلىمەي، سىرلارنى ئاشكارىلىۋەتسە، ئەقىل ۋە زېرەكلىكنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىدىن مەھرۇم قالغان غاپىل ئىنسان بولۇپ قالىدۇ.

ئىنسان سىرلىرىنى ئاشكارىلاش بىلەن ساناقسىز بالالارغا دۇچار بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئېرىنىڭ سىرلىرىدىن خەۋەردار بولغان ئايال ئۇنى ياخشى ساقلىشى، ئۇنىڭغا، بۇنىڭغا سۆزلەپ يۈرمەسلىكى لازىم. ناۋادا ئۇ دېگۈسى كېلىپ تۇرالماي دەپ سالسا، ئىشىنىڭ ئاقىۋىتى يامان ئەھۋالغا قالىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەردار بولغان ئېرىمۇ، ئايالدىن نەپرەتلىنىدۇ.

ئەمەلىيەتتە سىر ساقلاش ئاسان ئەمەس. سىر ساقلاش مال - دۇنيا ساقلاشتىنمۇ تەستۇر. سىرنىڭ ئېغىرلىقى مالنىڭ ئېغىرلىقىدىن تېخىمۇ زىيادە. چۈنكى، باشقا يۈكلەر قەلبكە ئېغىرنى سالمايدۇ. ئەمما سىرنىڭ يۈكى قەلبكە ئېغىرنى سالىدۇ. ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، يەنىلا سىرنى باشقىلارغا دېمەسلىك لازىم. ناۋادا سىرنى ھېچكىمگە دېمەسلىك شەرتى بىلەن بىر كىشىگىلا ئېيتىپ بەرگەن تەقدىردە، ئۇ بىر كىشىمۇ ئوخشاش شەرت بىلەن يەنە بىر كىشىگە ئېيتىپ بېرىدۇ — دە، شۇنداق قىلىپ، بىر ئېغىزدىن چىققان بۇ سىر مىڭ ئېغىزغا تارقايدۇ. نەتىجىدە، سىر سىر بولماي قالىدۇ.

سىر مال — دۇنيا ياكى نەرسە - كېرەككە ئوخشىمايدۇ. مال - دۇنيا ۋە نەرسە - كېرەكنى ساقلايدىغان ئادەم قانچىلىك جىق بولسا، ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى ساقلىيالايدۇ. ئەمما، سىرنى ساقلايدىغان ئادەم كۆپەيگەنچە، ئۇنىڭ سىر ھالىتىدىن چىقىپ كېتىش ئېھتىمالى كۆپتۇر. سىرغا كەلگەندە: ”ھېچكىمگە دېمە جۇمۇ!“ دېگەن ئاگاھلاندۇرۇش ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ.

كىشى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك سىرنى ئۆزى ساقلىيالمىسا، باشقىسى ئۇنى باغاق بىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قانداقمۇ ساقلىسۇن! ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ”مەن ھېچكىمگە دەسلەپ سىرىمنى سۆزلەپ بېرىپ، كېيىن: ــ نېمە ئۈچۈن سىرىمنى ئاشكارىلاپ قويدۇڭ؟ - دەپ ئازار

بىرىــپ باقمىــدىم“ دېــگەن. ســىر ساقلىيالماســلىقتا ھېــچكىم ئاياللارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەلمەيدۇ.

## ھېكايە

ئىككــى ئــادەم بىــر يېزىنىــڭ چايخانىســىدا ئولتــۇرۇپ پاراڭلىشــىپتۇ. ئۇلارنىــڭ سۆھبىتى ئايلىنىــپ كېلىــپ، ئاياللارنىــڭ ســىر تۇتالمايــدىغانلىقى ھەققىــدە توختــاپتۇ. ئىككىســىدىن بىــرى دەرھال قارشى چىققىپ:

ـ مەن ئايالىمغــا ئىشــىنىمەن، ئــۇ مېنىــڭ ســىرىمنى ھەرگىزمــۇ باشــقىلارغا دەپ قويمايــدۇ، - دەپتــۇ. ھەمراھــى ئۇنىڭغا:

ـ بــۇ مــۇمكىن ئەمەس، - دەپتــۇ. شــۇنداق قىلىــپ، ئــۇلار بــۇ ھەقــتە خېلــى ئــۇزۇنغىچە تــالاش - تــارتىش قىلىشــىپتۇ. ئــاخىرى ھەمراھى سۆزىنى داۋام قىلىــپ: ـ بوپتــۇ ئەمىســە، ســەن ئايالىڭغــا ئۇ قەدەر ئىشىنىدىكەنســەن. شــۇنداق بولغــان ئىــكەن، بىــر ســىناپ باقايلى. مەســىلەن، ســەن بۈگــۈن بىــر تــال تۇخــۇم ئېلىــپ ئــۆيىڭگە بــارغىن. ئاخشــىمى ياتقانــدا، ئــۇنى مەخپىــي ھالــدا كۆرپەڭنىــڭ ئاســــتىغا تىقىـــپ قـــويغىن. ئەتىگەنلىســـى ناھـــايىتى جىددىيلەشــكەن قىيــاپەتكە كىرىۋېلىــــپ، كېچــــدە تۇخــــۇم تۇغقــــانلىقىڭنى، ئەممــــا بــــۇنى ھــــېچكىمگە دېمەســــلىك كېرەكلىكىنــى ئايالىڭغــا تــاپىلا. قېنــى شــۇ چاغــدا گېپىڭنىــڭ قانچىلىك ئۆتىدىغانلىقىنى كۆرىمىز، - دەپتۇ.

ئۇ ئادەم ھەمراھىنىڭ دېگەنلىرىنى ئەينەن ئىجرا قىلىپتۇ. ئەتىسى كۈن چۈش بولغاندا: ــ چايخانىغا بىر بېرىپ كېلەيچۇ، - دېگىنىچە، چايخانىغا بېرىپتۇ. ئاخىرى نېمە بوپتۇ؟ - دېمەيسىز. ئۇ، چايخانىغا بارا – بارماي، ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈشكە ۋە: ــ قانداقراق، سەن تۇغقان تۇخۇم چوڭمىتى ياكى كىچىكمىتى، - دەپ مەسخىرە قىلىشقا باشلاپتۇ.

ئەسلىدە ئايالى ئەتىگەنلىسى بۇلاققا سۇ ئالغىلى بارغاندا، بىرىنچى بولۇپ ئۇچرىغان ئايالنى كۆرۈپ ئۇزىنى تۇتالماستىن، ئۇنىڭغا:

ــ ۋاي جېنىم قوشنام! ھېچكىمگە دېمە جۇمۇ، كېچە بارغۇ، مېنىڭ ئېرىم تۇخۇم تۇغدى، تۇخۇمنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، - دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ خەۋەر يېرىم كۈن ئىچىدە پۈتۈن يېزىغا پۇر كەتكەن ۋە ئاڭلىمىغان ھېچكىم قالمىغانىكەن.

مەن بۇ ھېكايىنى بايان قىلىپ: ــ ھېچبىر ئايال سىر ساقلىيالمايدۇ، - دېمەكچى ئەمەسمەن. شۇنداق ئايالللارمۇ باركى، نۇرغۇن ئەرلەردىن ياخشى سىر ساقلايدۇ. ئايالللاردىن بىرى يەنە بىردىن:

ــ سەن قانداق سىر ساقلايسەن؟ - دەپ سوراپتىكەن، ئۇ: ئېيتىلغان سۆزلەرنى ۋە سۆزلىگۈچىنى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئۇنتۇپ كېتىش ئارقىلىق، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

شۇنداق ئىكەن، ئاڭلىغان ياكى تىڭشىغان ھەرقانداق نەرسىنى ھەم ئاڭلىمىغان ھەم تىڭشىمىغاندەكلا، شۇ ۋاقتىنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۆزىدە ئۇنتۇپ كېتىشىمۇ سىر ساقلاشنىڭ بىر تۈرىدۇر. ئېسىل پەزىلەتلىك ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق بۈيۈك ئىنسانلارنىڭ دىللىرى سان – ساناقسىز سىرلار كۆمۈلۈپ ياتقان مازارلىققا ئوخشايدۇ.

سىر ساقلاش ياكى ئۇنى ئېچىۋېتىش شۇ كىشىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ئۆتتۈرىغا قويىدۇ. سىر بىر ئامانەتتۇر. ئامانەتكە خىيانەت قىلىش نىپاقلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. شۇڭا، سىر ساقلىيالمايدىغان بىرىنى تەرىپلەش ئۈچۈن: ”ئىچىدە گەپ ياتمايدىغان“ دېگەن ئىبارە ئىشلىتىلگەن.

سىر ساقلاشنىڭ شۇنچىلىك مۇھىم بولۇشى بىلەن بىرگە، ئۇنى ئاشكارىلاشنىڭ خىزمەت ۋە ۋەزىپە بولىدىغان يەرلىرىمۇ بار. بۇلارنى ياخشى ئايرىۋېلىش پەقەت ئەقلى - ھوشى جايىدا ۋە زېرەك كىشىلەرنىڭ ئىشىدۇر.

ساقلاشقا تېگىشلىك سىرلارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىرى، ئېرىنىڭ سىرىنى ئايالىنىڭ ساقلىشىدۇر. ئاياللار ئېرى تەرىپىدىن بېرىلگەن بۇ ئامانەتنى جېنىنى قوغدىغاندەك قوغدىشى، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇنى باشقا بىرگە ئۆتتۈنۈپ بەرمەسلىكى لازىم. ئەكسىچە قىلىش ئەقلى - ھوشى جايىدا بىر ئايالنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس. نۇرغۇن ئاياللار ئېرىنىڭ سىرلىرىنى باشقىلارغا سۆزلەپ سالغانلىقى ئۈچۈن يۈزلىگەن، مىڭلىغان ئائىلىدە ئىتتىپاقسىزلىق كېلىپ چىققان ۋە نۇرغۇنلىرى تىرىپىرەن بولۇپ كەتكەن.

”سەن پەرزەنتلەرنىڭ تەلىم – تەربىيىسىنى ئۆزەڭ بىلگەن سەۋىيەدە تاشلاپ قويماستىن، ئۇلارغا باشقا ئىلىملەرنىمۇ ئۆگىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگىن. چۈنكى ئۇلار سەن ياشىغان دەۋر ئۈچۈن ئەمەس، سېنىڭدىن كېيىنكى دەۋر ئۈچۈن تۇغۇلغان“.

ئەلى رەزىيەللاھ ئەنھۇنىڭ ھېكمەتلىرىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقان ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ھۆرمەت قىلىش ۋە ئېھتىرام بىلدۈرۈش

ئۇمامەنىڭ قىزىغا قىلغان ئۈنىنچى نەسىھەتى، يەنى ئەڭ ئاخىرقى نەسىھەتى: "ئېرىڭنى ھۆرمەتلىگىن، بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنلا!" دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

ئاياللار دىنىمىزغا زىت بولمايدىغان ھەرقانداق ئىشتا ئېرىگە ئىتائەت قىلىشى لازىم. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئىرادىسى ئاجىز بولغانلارنىڭ ئىرادىسى كۈچلۈك بولغانلارغا بېقىندى بولۇپ، نېمە دېسە قارشى چىقماستىن ئورۇنلىشىنىڭ لازىملىقى ئىلمىي ھەقىقەتتۇر. ئىسلام دىنى ئەرگە ئىتائەت قىلىشنىڭ پۈتۈن چەك - چېگرىلىرىنى ئوچۇق بايان قىلغان بولۇپ، ھەتتا ئانىسى ياكى دادىسى ئاغرىپ قالغان بىر ئايال ئۇلارنى يوقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئېرىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىشى لازىم.

چوڭلار قايتا – قايتا تەكىتلەپ: "ھەرگىز ئالمىغىن، ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلەنمىگىن!" دېگەن ئاياللار بولسا، گەپ ئاڭلىمايدىغان ۋە بۇيرۇلغان ئىشلارنى ئورۇنلىمايدىغان ئاياللاردۇر. چۈنكى، مۇنداق ئاياللار بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ چىقىشىپ ئۆتۈش ئىنتايىن تەس. مەشھۇر بىر ماقالدا: "گەپ ئاڭلىمايدىغان خوتۇن ئېرىنىڭ چېچىنى بالدۇر ئاقارتىۋېتىدۇ" دېيىلگەن. لوقمان ھېكىممۇ بۇ ماقالنى ئوغلىغا قالدۇرغان ۋەسىيەتلىرىدە بايان قىلغان.

ئۇلۇغ ئالىملاردىن بىرى كەبىنى تاۋاپ قىلىۋېتىپ، ياشانغان بىر ئادەمنى ھاپاش قىلىۋاتقان بىر ئادەمنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئادەم بىر تەرەپتىن ھاپاش قىلىۋالغان ئادەمنى تاۋاپ قىلدۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن: ”باللىق چېغىڭدا سالغان جاپالىرىڭ يەتمىگەندەك، قېرىغىنىڭدىمۇ يەنە ماڭا يۈك بولدۇڭ“ دەپ غۇدۇراۋاتقىدەك. بۇنى ئاڭلىغان ئالىم ھەيران بولۇپ:

ـ قارا سېنى بىر تەرەپتىن ياخشىلىق قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن قىلغان ياخشىلىقىڭنى مىننەت قىلىپ ساۋابىڭنى يوق قىلىۋاتىسەن. ئۇ سېنىڭ داداڭ ئەمەسمۇ؟ ئەينى زاماندا ئۇمۇ ساڭا ياخشىلىق قىلغان ئەمەسمۇ؟ ـ دەپ سوراپتىكەن، ئۇ:

ـ ۋاي ئۇستازىم! نېمە دەيدىغانسەن؟ دۇمبەمدىكى بۇ ئادەم مېنىڭ دادام ئەمەس، ئەكسىچە ئۆز ئوغلۇم. خۇي ـ پەيلى ئەسكى بىر ئايال بىلەن تۇرمۇش قۇرغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتىن بۇرۇن قېرىپ تۈگىشىپ كەتتى، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

سىز ياخشى ئويلاپ بېقىڭ! ئادەمنىڭ قېرىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغۇدەك ئەسكى ئايال بىلەن بىرگە ياشاش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ مىجەزى ئەسكى ۋە ئىتائەت قىلمايدىغان ئايال ئېرىنىڭ غەزەپلىنىشىگە، ئاخىرىدا ئاجرىشىپ كېتىشكىچە سەۋەبچى بولمامدۇ!

شۇنداق، ئايالنىڭ ئازارلىشىغا ۋە جاپا سېلىشىغا سەۋر قىلغان، چىداپ ئۆتكەن ئەرلەرمۇ بار. مەسىلەن، شەقىق ئىبنى

ئىبراھىمنىڭ ئايالىنىڭ مىجەزى ئىنتايىن ئوسال بولۇپ، ئېرى ئۇنىڭ ھەر تۈرلۈك ئازارلىرىغا ۋە جەبىر - جاپالىرىغا چىشىنى چىشلەپ ئۆتىدىكەن. كىشىلەر بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ:

_ ئايالىڭنىڭ مىجەزى ئىنتايىن ناچار، ساڭا دائىم ئازار بېرىدۇ. نېمىشقا ئۇنىڭ تالىقىنى بەرمەيسەن؟ - دەپ سورىغاندا، ئۇ:

_ ئايالىمنىڭ مىجەزى ئوسال بولسا، مېنىڭ مىجەزىم ياخشىدۇر. مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلسام، ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىم تۇرالمايدۇ. ئۇنداقتا، ئۇ بىچارە بولۇپ قالامدۇ؟ - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

نەقشىبەندى جامائىتىنىڭ چوڭلىرىدىن ئەبۇ ھەسەن ھاركائانى ئايالىدىن ئىنتايىن كۆپ ئازار يەيدىكەن ۋە جەبىر – جاپاسىغا يولۇقىدىكەن. بىر كۈنى ئۇنىڭ ئىككى شاگىرتى ئۇنى يوقلاپ ئۆيىگە كەپتۇ. بىراق ئۇ ئۆيدە يوق ئىكەن. ئىشىكنى ئايالى ئېچىپتۇ ۋە ئۇلارغا:

_ ئەتىگەندىن كەچكىچە: "شەيخ، شەيخ" دەپ تۇرىدىكەنسىلەر، ئۇنىڭدىن نېمە ياخشىلىق كۆردىڭلاركى، ئۇنى دائىم يوقلاپ كېلىسىلەر؟ بولدى قىلىپ، يولۇڭلارغا مېڭىڭلار! ئەۋلىيالىق كىم، ئەبۇ ھەسەن كىم؟ - دېگىنىچە ئۇلارغا بىرمۇنچە ئازار بېرىپتۇ ۋە ئىشىكنى جالاقىدە يېپىپ كىرىپ كېتىپتۇ.



www.uyghurkitap.com

شــاگىرتلار كــۆڭلى يېــرىم بولغــان ھالــدا شــەھەر ســىرتىغا چىقىپتــۇ. ئــۇلار ئېغىــر - ئېغىــر قەدەم بېســىپ كېتىۋاتقانــدا، كىمنىــى كۆرۈپتــۇ دېمەمســىز؟! شــەيخ بىــر شــىرغا مىنىــپ كېلىۋاتقىدەك. ئۇ ئۇلارغا يېقىنلاشقاندىن كېيىن:

_ قانـــداق قىلىمىـــز بـــالىلىرىم! ئۆيـــدىكىلەرگە ســـەۋر قىلغاچقـا، بـۇ يەردىكىـلەر بىزنـى ئـۈزلىرىگە مىنـدۈرىـدىكەن، - دەپتۇ.

ئاياللىرىنــىڭ جەبىــر - جاپالىرىغــا ســەۋر قىلغــانلاردىن يەنە بىــرى بولسـا، ئوسـمانىي خەلىپىلىكىنىـڭ ئەڭ چـوڭ ئۆلىمالىرىـدىن زەنبىللىــك ئەلــى ئەپەنــدى بولــۇپ، ئۇنىــڭ سەرگۈزەشتىســىمۇ ئىنتــايىن ئىبرەتلىكتــۇر. زەنبىللىــك ئەلــى ئەپەنــدىمۇ ئايالــدىن ھــېچ رازى ئەمەســكەن. ئــۇ، ئايالىنىــڭ ھەر تۈرلــۈك ناچــار مۇئــامىلىلىرىگە ئــۈزۈن مەزگىــل چىدىغانــدىن كېيــىن، ئــاخىرى سەۋرىســى تېشــىپتۇ. ئۆيــدىن بىــر مــۇددەت بولســىمۇ يىراقــراق تــۇرۇش ئۈچــۈن ئىســتانبۇلدىن چاتالچــا ناھىيىســىگە قــاراپ يولغــا چىقىپتــۇ. يولــدا ئىككــى دەرۋىــش بىــلەن ئۇچرىشــىپ قــاپتۇ. ئــۇلار سەپەرداش بولۇپ، يوللىرىنى بىرلىكتە داۋام قىلىپتۇ.

ئــۇلار قورســىقى ئاچقانــدا مۇناســىپ بىــر يەرنــى تېپىــپ ئولتۇرۇشـۇپتۇ. دەرۋىشـلەردىن بىـرى دۇئـا قىلغـانىكەن، ئالـدىغا بىـر داسـتىخان تامــاق كېلىپتــۇ. ئــۇلار تامــاقنى يەپ بولــۇپ، يــولنى داۋام قىلىپتـۇ. يەنە قورسـىقى ئاچقانـدا، ئىككىنچـى دەرۋىـش دۇئـا قىلغانىكەن، ئۇلارنىـڭ ئالـدىغا يەنە بىـر داسـتىخان تامـاق كېلىپتـۇ.

www.uyghurkitap.com

ئــۇلار ئۇنىمــۇ يەپ بولــۇپ، ســەپىرنى داۋام قىلىپتــۇ. ئــۈچىنچى قېتىم قورســقى ئاچقانــدا بولســا، دۇئــا قىلــش نــۆۋىتى زەمبىللىك ئەلــى ئەپەنــدىگە كېلىپتــۇ. رەھمەتلىــك نــېمە قىلىشــنى بىلمــەي، گــاڭگىراپ تــۇرۇپ قــاپتۇ. چــۈنكى ئــۇ ھاياتىــدا تــۇنجى قېــتىم دۇئــا بىــلەن داســتىخان كەلگەنلىكىنــى كــۆرۈپ تــۇراتتى. ئــاخىرى ئــۇ ئامالسىز ھالدا قوللىرىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ:

_ ئــى رەببىــم! بــۇ دەرۋىشــلەر كىمنىــڭ يــۈز ـ خاتىرىســى ئۈچــۈن ســەندىن يەيــدىغان نەرســە ســورىغان بولســا، ئۇنىــڭ ھــۆرمىتى ئۈچــۈن مېنىڭمــۇ دۇئــايىمنى قوبــۇل قىلىــپ، بىــزگە يەيــدىغان نەرســە بەرگــىن، ـ دەپ دۇئــا قىلىپتــۇ. شــۇنىڭ بىــلەن، ئۇلارنىــڭ ئالــدىغا بىــرلا ۋاقىتتــا ئىككــى داســتىخان تامــاق كەپتــۇ. دەرۋىشلەر ھەيران بولۇپ:

_ بــۇ قانــداق ئىــش ئەپەنــدىم! ســەن قانــداق دۇئــا قىلغــان بولغىيتىــڭ – دە، ئىككــى داســتىخان تامــاق بىــرلا ۋاقىتتــا كەلــدى؟ ـ دەپ سوراپتۇ. زەنبىللىك ئەلى ئەپەندىمۇ ئۇلاردىن:

_ ئالــدى بىــلەن ســىلەر دەپ بېقىڭلارچــۇ، ســىلەر قانــداق دۇئا قىلاتتىڭلار؟ ـ دەپتۇ. دەرۋىشلەر:

_ بىــز دۇئــايىمىزدا: "ئــى الله! بىــزگە ئايالىنىــڭ جەبىــر ـ زۇلمىغــا ســەۋر قىلىــپ، يۈكســەك ماقاملارغــا ئېرىشــكەنلەرنىڭ ســېپىغا قېتىلغــان زەنبىللىــك ئەلــى ئەپەنــدىنىڭ ھــۆرمىتى ئۈچــۈن يــېمەك ـ ئىچــمەك ئەۋەتكــىن" دەيتــۇق، ـ دەپتــۇ. بــۇ ســۆزنى

ئاڭلىغـان زەنبىللىـك ئەلـى ئەپەنـدى ئىشـنىڭ ھەقىقـي مـاھىتىنى تونۇپ يېتىپ، دەرۋىشلەرگە:

_ دوســتلار! مېنىــڭ ســەپىرىم بــۇ يەرگىــچە. دەرھــال ئىســتانبۇلدىكى ئۆيــۈمگە قايتىشــىم كېــرەك، - دەپتــۇ ۋە ئــۆيىگە قايتىــپ كېتىپتــۇ. ئــۇ بــۇ مەرتىــۋىگە ئاياللىــڭ ئەزىيەتلىــرىگە چىــدىغانلىقى ۋە ســەۋر قىلغــانلىقى ئۈچــۈن ئېرىشــكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ.

يــۇقىرىقىلاردىن شــۇنى كۆرۈۋېلىشــقا بولىــدۇكى، مــجەزى ئەســكى ئاياللارغــا ســەۋر قىلىــش ئىنتــايىن تەس. شــۇنداق بولغاچقــا، بۇنىڭغــا ســەۋر قىلالىغــان كىشــلەرنى جانــابى اللە ئەۋلىيــالىق بىــلەن مۇكاپاتلىغــان. شۈبھىســىزكى، ھېچقانــداق ئايــال بۇنچىلىك دەرىجىــدە ئەسـكى بولۇشـنى ھەرگىــز خالىمايـدۇ. ئەممـا بــۇ يەردە شــۇنىمۇ ئەســكەرتىپ ئۆتــۈش كېرەككــى، ئايــاللار بــۇ ئەســەرنى ئوقــۇپ چىقىــپ: مەنمــۇ شــۇنداق ئەسكىلىك قىلايچــۇ، نەتىجىــدە ئېــرىم ئەۋلىيــا بولســۇن، دەيــدىغان خىيــالنى قىلىــپ سالمىســۇن. مۇنــداق ئايــاللار ئۆزلىرىنىــڭ مەســئۇلىيىتىدىن نە بــۇ دۇنيادا، نە ئاخىرەتتە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ بىلىشى لازىم بولغان بەزى بىلىملەر

• ھەربىر مۇسۇلمان الله تائالاغا مۇنداق ئىمان ئېيتىدۇ: الله بار ۋە بىردۇر. ئۇنىڭ باشلانغۇچى ۋە نىھايىتى يوقتۇر. ئۇ يارىتىلغان ھېچقانداق نەرسىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ياراتقۇچىسى يوقتۇر. ھەممە نەرسىنى ئۇ ياراتقاندۇر. ئۇ ھەمىشە تىرىكتۇر، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ھەرقانداق ئاۋاز ۋە ھەرقانداق سۆزنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ھەممە نەرسىگە كۈچى يېتىدۇ. ئۇ ئۆزىگە خاس رەۋىشتە سۆز قىلىدۇ. ھەرقانداق نەرسە ئۇنىڭ خالىشى بىلەن بولىدۇ. الله ھېچكىمگە زەررىچىلىك ھەقسىزلىق قىلمايدۇ.

• بىز الله تائالانى كۆرەلمەيمىز. چۈنكى، كۆزلىرىمىز ئۇنى كۆرەلەيدىغان ئىقتىداردا يارىتىلمىغان.

• پەيغەمبەرنىڭ قىلغان ھەربىر سۆزى ۋە ئىش - ھەرىكىتى توغرىدۇر. ئۇلار گۇناھ قىلمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ھەرقانداق مۇسۇلمان بىرەر پەيغەمبەرنى تەنقىتلىسە، ئىماندىن چىقىدۇ.

• ﷲ تائـــالا قەتئىـــي تەكـــتلىگەن بـــۇيرۇقلار: ”پەرز“ دەپ ئاتىلــىدۇ. نامــاز ئوقــۇش، زاكــات بېــرىش، ھەج قىلــىش، روزا تۇتــۇش ﷲ پەرز قىلغان ئىشلارنىڭ بەزىلىرىدۇر.

• ﷲ تائــالا قەتئىــي چەكلــىگەن ئىشــلار: ”ھــارام“ دېيىلــىدۇ. ھــاراق ئىچـــىش، قىمـــار ئوينـــاش، زىنـــا قىلـــىش قاتـــارلىقلار ھـــارام ئىشلاردىندۇر.

• بۇيرۇلغـــان، ئەممـــا ئـــادا قىلىنىشـــى پەرزدەك قەتئىـــي بولمىغـــان ئىشـــلار: ”ۋاجـــىپ“ دەپ ئاتىلـــىدۇ. ۋىتـــىر نـــامىزى ۋە ھېيت نامىزى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

• چەكلەنـــگەن، ئەممـــا ھـــارام دەرىجىســـىدە قەتئىـــي بولمىغان ئىشلار: ”مەكروھ“ دېيىلىدۇ.

• پەيغەمبىرىمىزنىـــڭ ســـۆزى، ئىـــش - ھەرىكىتـــى ۋە كـــۆز ئالدىـــدا باشـــقىلار تەرىپىـــدىن قىلىنغـــان، ئەممـــا توسماســـتىن مـــاقۇل كـــۆرگەن ئىشـــلار: ”ســـۈننەت“ دەپ ئاتىلـــىدۇ. شـــۇنىڭدەك، پەيغەمـــبەر ئەلەيھىســـالام قىلغـــان بەزى ئىشـــلار: ”مۇســـتەھەب“ دەپ ئاتىلىدۇ.

• قىلســـا ســـاۋاب، قىلمىســـا گۇنـــاھ بولمايـــدىغان ئىشـــلار: ”مۇباھ (يەنى رۇخسەت ئىشلار)“ دەپ ئاتىلىدۇ.

• قۇرئـــان كەرىمنـــى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىـــڭ ســـۆزلىرى (ھەدىـــس شـــەرىپلىرى)نـــى خاتـــا چۈشـــەندۈرۈش ئـــارقىلىق دىنىمىزنى بۇزۇشـقا تىرىشـقانلارغا قارشـى كـۈرەش قىلغـان دىنىـي ئۆلىمـــالىرىمىز بـــار. ئـــۇلار پەيغەمبىرىمىزنىـــڭ ۋاپاتىـــدىن كېيـــىن،

تەخمىنەن 50 يىلدىن 100 يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا دىنىمىزنىڭ ئاساسلىرىنى بەلگىلەپ بولغان. بۇ مۇبارەك زاتلار بېكىتكەن ئاساسلارنىڭ يىغىندىسى: "مەزھەب" دەپ ئاتىلىدۇ.

• ئېتىقادىي جەھەتتە ئىككى توغرا مەزھەب بار. بىرى، ماتۇرىدىيە مەزھىبى. يەنە بىرى، ئەشئەرىيە مەزھىبى.

• ئەمەل - ئىبادەت جەھەتتە تۆت توغرا مەزھەب بار. ئۇلار: ھەنەفى، مالىكى، شافىئى ۋە ھەنبەلى مەزھەبلىرىدىن ئىبارەت.

• بىزنىڭ ئېتىقادىي جەھەتتىكى مەزھىبىمىز ماتۇرىدىيە، ئەمەل – ئىبادەت جەھەتتىكى مەزھىبىمىز ھەنەفى مەزھىبىدۇر.

• ئەمەل – ئىبادەت جەھەتتىكى مەزھىبىمىزنىڭ ئىمامى ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەدۇر.

• **ئىمان ئاساسلىرى ئالتىدۇر.** بۇ ئالتە ئاساسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: "ئامەنتۇ" كەلىمىسىنىڭ مەنىسى: مەن ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە ۋە تەقدىرگە يەنى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ اللە تائالا تەرىپىدىن ئىكەنلىكىگە، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم، دېگەنلىك بولىدۇ. ھەربىر مۇسۇلمان بۇلارنىڭ ھەممىسىگە تولۇق ئىشىنىشى لازىم.



www.uyghurkitap.com

ئەمەل – ئىبـــادىتىڭنى خـــۇددى الله كـــۆرۈپ تۇرغانــــدەك قىلغىــن. گەرچە ســەن ئــۇنى هــېچ كۆرمىســەڭمۇ، ئــۇ ســېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.

• **ئىســـلام ئاساســـلىرى بەشـــتۇر:** بىرىنچـــى، كەلـــىمە شــاھادەت ئېيــتىش (يەنــى ئەشــھەدۇ ئەنــلا ئــىلاھە ئىللالــلاھ ۋە ئەشــھەدۇ ئەنــنە مــۇھەممەدەن ئابــدۇھۇ ۋە رەســۇلۇھۇ) دېــيىش. ئىككىنچــى، نامــاز ئوقــۇش. ئــۈچىنچى، زاكــات بېــرىش. تــۆتىنچى، روزا تۇتۇش. بەشىنچى، ھەج قىلىش.

• **تاھارەت مۇنداق ئېلىنىدۇ:**

تاھــارەت ئــالغۇچى ئالــدى بىــلەن تاھــارەت ئېلىشــنى نىــيەت قىلىدۇ. ئاندىن بىســمىللاھ دېــيىش بىــلەن قــولنى يۇيــدۇ. ئانــدىن ئېغىزغا ئۈچ قېــتىم سـۇ ئېلىــپ غــار – غــار قىلىــدۇ. ئانــدىن بۇرۇنغــا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىــپ مىــش – مىــش قىلىــدۇ. ئانــدىن يــۈزنى چــاچ ئۈنگەن يەرگىــچە ئــۈچ قېــتىم يۇيــدۇ. ئانــدىن ئالــدى بىــلەن ئــوڭ قــولنى، كېــيىن ســول قــولنى جەيـــنەك بىـــلەن قوشـــۇپ ئـــۈچ قېتىمــدىن يۇيــدۇ. ئانــدىن قــولنى ھــۆل قىلىــپ، باشــنىڭ تــۆتتىن بىـــر قىســـمىغا مەســـھى قىلىـــدۇ. ســـىمچىلاق بـــارمىقى بىـــلەن قۇلاقنىــڭ ئىــچ قىســمىنى، بــاش بــارمىقى بىــلەن قۇلاقنىــڭ ئــارقى قىســمىنى مەســھى قىلىــدۇ. ئانــدىن ئالــدى بىــلەن ئــوڭ پــۇتنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
كېيىن سول پۇتنى ئوشۇق بىلەن قوشۇپ يۇيىدۇ. يۇيىدىغان ئەزالارنىڭ ھەربىرىنى بىر قېتىمدىن يۇيۇش پەرز، ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇش سۈننەت. ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق يۇيۇش بولسا مەكروھتۇر.

## • غۇسۇل – تاھارەت مۇنداق ئېلىنىدۇ:

غۇسۇل – تاھارەت ئالغۇچى ئالدى بىلەن غۇسۇل – تاھارەت ئېلىشنى نىيەت قىلىدۇ ۋە بىسمىللاھ دېيىش بىلەن بىرگە قوللىرىنى يۇيىدۇ. ئاندىن ئەۋرەتلىرىنى يۇيىدۇ. ئاندىن نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالىدۇ. تاھارەت ئالغاندا ئېغىز ۋە بۇرۇنغا ھېچ قۇرۇق يەر قالمىغۇدەك دەرىجىدە سۇ ئېلىش، بولۇپمۇ بۇرۇن ئىچىدە قېتىپ قالغان كىرلەرنى تازىلاپ چىقىرىپ، ئورنىغا سۇ يەتكۈزۈش لازىم. ئۇنىڭدىن كېيىن، باش ۋە مۈرىدىن باشلاپ ئاياققىچە ئالدى بىلەن ئوڭ، ئاندىن سول تەرەپكە ئۈچ قېتىمدىن سۇ قويۇپ ئۇۋۇلاپ يۇيىدۇ. بەدەننىڭ ھېچقانداق يېرىدە قۇرۇق يەر قالمىغۇدەك دەرىجىدە دىققەت بىلەن يۇيۇنۇش كېرەك.

## • تەيەممۇم قىلىش:

سۇ تېپىلمىغان، شۇنداقلا سۇ بولغان تەقدىردىمۇ، سالامەتلىك ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سۇ ئىشلىتىش زىيانلىق بولغان ئەھۋاللاردا تاھارەتنىڭ ئورنىغا تەيەممۇم

قىلىنىدۇ. تەيەممۇم پاك تۇپراق ياكى تۇپراق تۈرىدىكى پاك نەرسە بىلەن قىلىنىدۇ. تەيەممۇم قىلغۇچى تەيەممۇم قىلغاندا، قوللىرىنى ئىبادەت نىيىتى بىلەن پاك تۇپراققا ئۇرىدۇ. ئاندىن يۈزىنىڭ ھەممە يېرىنى مەسھى قىلىدۇ. ئاندىن قوللىرىنى پاك تۇپراققا يەنە ئۇرۇپ، قولنىڭ دۈمبىسىنىمۇ قوشقان ھالدا تاكى جەينىكىگىچە مەسھى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، تەيەممۇم قىلىش تاماملانغان بولىدۇ ۋە خالىغان ئىبادەتنى قىلالايدۇ.

**• نامازنى باشلاشتىن بۇرۇن تۆۋەندىكى ئالتە پەرزنى ئورۇنلاش لازىم:**

1 ـ تاھارەت ئېلىش (كېرەك بولغاندا غۇسۇل ـ تاھارەت ئېلىش). 2 – بەدەن، كىيىم – كېچەك ۋە ناماز ئوقۇيدىغان جاينى دىنىي جەھەتتىن نىجاسەت دەپ قارالغان ھەرقانداق مەينەت نەرسىدىن تازىلاش. 3 ـ ئەۋرەت سانىلىدىغان يەرلەرنى يېپىش. 4 ـ قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش. 5 ـ نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇش. 6 ـ ناماز ئوقۇشنى قەلبىدە نىيەت قىلىش.

**• نامازنىڭ ئىچىدىكى ئالتە پەرز:**

1 ـ باشلاش تەكبىرى (يەنى نامازنى الله ئەكبەر دەپ باشلاش). 2 ـ قىيامدا تۇرۇش. 3 – قىرائەت قىلىش (يەنى قۇرئاندىن ئايەت ئوقۇش). 4 ـ رۇكۇ قىلىش. 5 ـ سەجدە

قىلىش. 6 – ئاخىرقى تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇش (يەنى ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇش مىقدارى ئولتۇرۇش).

• **نامازنىڭ ئوقۇلۇشى:**

ناماز ئۆتىگۈچى ئايال ئالدى بىلەن ناماز ئوقۇشنى نىيەت قىلىدۇ. ئاندىن: "الله ئەكبەر" دەپ، قولىنى مۈرىسىنىڭ باراۋىرىدە (ئەرلەر قولىقىنىڭ يۇمشىقىغىچە) كۆتۈرىدۇ. ئاندىن ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ دۈمبىسىگە قوشتۇرۇپ، قوللىرىنى كۆكسى ئۈستىگە (ئەرلەر خالىسا كۆكسى ئۈستىگە، خالىسا كىندىكى ئۈستىگە) قويىدۇ. ئاندىن سۇبھانەكەللاھۇممەنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئەئۇزۇ ۋە بىسمىللاھنى ئوقۇيدۇ. ئاندىن سۈرە فاتىھەنى ۋە ئۇنىڭغا بىر سۈرە قوشۇپ ئوقۇيدۇ. ئاندىن: "الله ئەكبەر" دەپ رۇكۇغا بارىدۇ. رۇكۇدا ئەڭ ئاز ئۈچ قېتىم: "سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم" دەيدۇ. ئاندىن: "سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ" دېگەچ رۇكۇدىن باش كۆتۈرىدۇ ۋە قەددىنى رۇسلاپ تۇرۇپ: "رەببەنا لەكەل ھەمد" دەيدۇ. ئاندىن: "الله ئەكبەر" دېگەچ سەجدىگە بارىدۇ. سەجدىدە ئەڭ ئاز ئۈچ قېتىم: "سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا" دەيدۇ. ئاندىن يەنە: "الله ئەكبەر" دەپ سەجدىدىن باش كۆتۈرىدۇ ۋە رۇس ئولتۇرىدۇ. ئاندىن يەنە: "الله ئەكبەر" دەپ سەجدىگە بارىدۇ. ئىككىنچى سەجدىنى ئالدىنقى سەجدە بىلەن ئوخشاش

شــەكىلدە تاماملىغانــدىن كېــيىن: ”الله ئەكــبەر“ دەپ ئىككىنچــى رەكــئەتكە ئورنــىدىن تۇرىــدۇ. ئىككىنچــى رەكئەتنىمــۇ بىرىنچــى رەكــئەتكە ئوخشــاش ئوقۇيــدۇ. پەقەت ئىككىنچــى رەكئەتنىــڭ بېشــىدا سۇبھانەكەللاھۇممەنى ئوقۇمايــدۇ. ئىككىنچــى رەكئەتنــى تاماملىغانــدىن كېــيىن تەشــەھھۇدتا ئولتۇرىــدۇ ۋە ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇيــدۇ. ئەگەر نامــاز ئىككــى رەكئەتلىــك بولســا (مەســىلەن، بامــدات نامىزىغــا ئوخشــاش)، ئەتتەھىييــاتۇدىن كېــيىن ئــاللاھۇمە سەللى ئەلا، ئــاللاھۇممە بارىــك ئەلا دۇرۇتلىرىنــى ۋە رەببەنــا ئاتىنــا دۇئاســىنى ئوقــۇپ بولــۇپ، ئالــدى بىــلەن ئــوڭ تەرەپــكە، ئانــدىن ســول تەرەپــكە ســالام بېرىــدۇ. نــاۋادا نامــاز ئىككــى رەكئەتــتىن ئــارتۇق بولســا (مەســىلەن، شــام ۋە دىگــەر نامىزىغــا ئوخشــاش)، ئەتتەھىييــاتۇدىن كېــيىن: ”الله ئەكــبەر“ دەپ ئورنــىدىن تــۇرۇپ، قالغــان رەكئەتنــى ئالــدىنقى رەكــئەتكە ئوخشــاش تاماملايــدۇ. لــېكىن ئىككــى رەكئەتــتىن ئــارتۇق پەرز نامــازلاردا ئالــدىنقى ئىككــى رەكئەتــتىن باشــقا رەكئەتــتە پەقەت ســۈرە فــاتىھەنى ئوقۇيــدۇ، باشــقا ســۈرە قوشــمايدۇ. ســۈننەت نامــازلاردا بولســا، ھەمــمە رەكــئەتكە ســۈرە قوشــىدۇ. ئانــدىن ئــاخىرقى تەشــەھھۇدتا ئولتۇرىـــدۇ. ئەتتەھىييـــاتۇدىن كېـــيىن ئـــاللاھۇمە ســـەللى ئەلا، ئــاللاھۇممە بارىــك ئەلا دۇرۇتلىرىنــى ۋە رەببەنــا ئاتىنــا دۇئاســىنى ئوقۇپ بولۇپ سالام بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىنى تارپىسى
www.uyghurkitap.com

# بەش ۋاخ ناماز

ھەرقانىداق مۇسۇلمان چوقۇم ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بەش ۋاخ پەرز ناماز بار. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 ـ بامدات نامىزى ئىككى رەكئەت (پەرزدىن ئىلگىرى ئىككى رەكئەت سۈننىتى بار)؛ 2 ـ پېشىن نامىزى تۆت رەكئەت (پەرزدىن ئىلگىرى تۆت رەكئەت، پەرزدىن كېيىن ئىككى رەكئەت سۈننىتى بار)؛ 3 ـ ئەسىر نامىزى تۆت رەكئەت؛ 4 ـ شام نامىزى ئۈچ رەكئەت (پەرزدىن كېيىن ئىككى رەكئەت سۈننىتى بار)؛ 5 ـ خۇپتەن نامىزى تۆت رەكئەت (پەرزدىن كېيىن ئىككى رەكئەت سۈننىتى ۋە ئۈچ رەكئەت ۋىتىر ۋاجىپ بار.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە چاشكا ۋاقتىدا ئوقۇلىدىغان چاشكا نامىزى، ئەسىر نامىزىنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرى ئوقۇلىدىغان تۆت رەكئەت ناماز، شامنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكئەت ناماز، خۇپتەن نامىزىنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرى ئوقۇلىدىغان تۆت رەكئەت ناماز ۋە كېچىدە ئوقۇلىدىغان تەھەججۇد نامىزى قاتارلىق ئىختىيارى ئوقۇلىدىغان نەپلە نامازلار بار.

**تەراۋىھ نامىزى:**

رامىزان ئېيىدا خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن، ۋىتىر نامىزىدىن ئىلگىرى ئوقۇلىدىغان 20 رەكئەت ناماز بولۇپ، ئۇ: ”تەراۋىھ نامىزى“ دېيىلىدۇ. تەراۋىھ نامىزى ھەر ئىككى رەكئەتتە بىر سالام بېرىپ، ھەر تۆت رەكئەتتە بىرئاز ئارام ئېلىپ ئوقۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## ئاياللارنىڭ نامىزى ۋە روزىسى ھەققىدە ساۋات

ئايـاللار رامـىزان ئېيـىدا ھەيـزدار بولـۇپ قالسـا تـاكى ھەيـزدىن پـاكىزلانغىچە روزا تۇتمايـدۇ. تۇتمىغـان كۈنلىرىنىـڭ قازاسـىنى رامىزانـدىن كېيـىن تولۇقلايـدۇ. قىزلارغـا ئەقلـى – ھوشـىنى قولىغـا ئالغـان ۋە بـالاغەتكە يەتـكەن، يەنـى ھەيـز كۆرۈشـكە باشـلىغان ھامـان نامـاز ئوقـۇش ۋە روزا تۇتـۇش پەرز بولـىدۇ. ھەيـز كـۆرمىگەن، لـېكىن 15 ياشـقا كـىرگەن قىزلارغىمـۇ نامـاز ئوقـۇش ۋە روزا تۇتۇش پەرز بولىدۇ.

ئايـاللار نامازنىـڭ تەكبىـر ۋە قىرائەتلىرىنـى ئەرلەرگە ئوخشـاش (ئۈنلـۈك ئوقۇلـىدىغان نامـازلاردا) ئۈنلـۈك ئوقۇمايـدۇ. يەنـى ئـۇلار ھەمـمە نامـازنى ئـۈن چىقارماسـتىن ئوقۇيـدۇ. نامـازنى باشـلاش تەكبىرىنـى ئوقۇغانـدا، قوللىرىنـىڭ ئـۇچىنى مۈرىسـىنىڭ باراۋىرىـدە كۆتۈرىـدۇ. ئانـدىن قـوللىرىنى (ئـوڭ قـولىنى سـول قولىنىـڭ ئۈسـتىگە قويـۇپ) كۆكسـىنىڭ ئۈسـتىگە قويـدۇ. رۇكۇغـا بارغانـدا ئەرلەردەك بەك ئېگىلـمەي تۇرمايـدۇ. سـەجدە قىلغانـدا جەينەكلىرىنـى بىقىنىغـا، يـوتىلىرىنى قورسـىقىغا چاپلاشـتۇرىـدۇ. پـۇتلىرىنى ئـوڭ تەرەپـكە يـانتو ھـالەتتە تۇتـىدۇ.

تەشــەھھۇدتا ئولتۇرغانــدا ئىككــى پۇتىنى ئــوڭ تەرەپكە چىقىرىــپ، سول كاسىسىنى يەرگە قويۇپ ئولتۇرىدۇ.

ئايــاللار ھەيــزدار يــاكى نىفاســلىق كۈنلىرىــدە نامــاز ئوقۇمايــدۇ. ھەيــز يــاكى نىفاســتىن پاكلانغانــدىن كېيىــن غۇســۇل - تاھــارەت ئېلىــپ، ئانــدىن نامــازنى باشــلايدۇ. ھەيــز كۈنلىرىــدە ئوقۇيالمىغــان نامازلىرىنىڭ قازاسىنىمۇ ئوقۇمايدۇ.

ســۈرە فــاتىھە بىــلەن ســۈرە ئىخلاســنى يــاد بىلــگەن ھەربىــر مۇكەللەپ (ئىبــادەت يېشــىغا توشــقان) مۇســۇلمان نامــازنى دەرھــال باشلىشــى، ئەگەر ئــۇ بــۇ ســۈرىلەرنى يــاد بىلمىســە، چوقــۇم يــاد ئېلىشى كېرەك.

ناماز ئوقۇشنى يېڭى باشلىغان ھەربىر مۇسۇلمان: ”الله ئەكبەر“ دېيىشنى ئۆگىنىشى، ”سۇبھانەكەللاھۇممە“ ساناسىنى ياد ئېلىشى، ”ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىررەجىم“ دېيىشنى ۋە: ”بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم“ دېيىشنى ئۆگىنىشى، سۈرە فاتىھەنى ۋە سۈرە ئىخلاس، سۈرە كەۋسەرگە ئوخشاش قىسقا سۈرىلەرنى ياد ئالالىغانچە ياد ئېلىشى، ”سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم، سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ ۋە سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا“ دېيىشنى ئۆگىنىشى، ئەتتەھىيياتۇ، ئاللاھۇممە سەللى ئەلا ۋە ئاللاھۇممە بارىكئەلا دۇرۇتلىرىنى ياد ئېلىشى، رەببەنا ئاتىنا دۇئاسىنى ۋە ۋىتىر ۋاجىپ دۇئاسىنى دەرىجىمۇدەرىجە ياد ئېلىشى كېرەك.

بــۇ كەلىـــمە، ســۈرە، دۇرۇت ۋە دۇئـــالارنى تـــوغرا تەلەپپـــۇز بىلەن ئوقۇش ئۈچــۈن چوقــۇم بــۇلارنى ياخشــى بىلــدىغان بىرىــدىن

ئۆگىنىشى ۋە ئۆگەنگەنلىرىنى ئۇنىڭغا تىگىشتىشى كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا، تەلەپپۇزنى خاتا ئۆگىنىپ ياكى خاتا ياد ئېلىپ قالىدۇ.

مۇسۇلمانلار دائىم: "لائىلاھە ئىللاللاھ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ" دېيىشى لازىم. بۇ كەلىمە تەييىبە (پاك سۆز)نى دائىم تەكرارلاپ تۇرۇش كىشىنى نۇرغۇن ساۋابقا ئىگە قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇلار يەنە بەش ۋاخ نامازنى تولۇق ئوقۇشى، رامىزان روزىسىنى تولۇق تۇتۇشى لازىم.

بەزى ئادەملەرنىڭ: "پالانى ئادەم ياكى پوستانى خانىم ناماز ئوقۇغان بىلەن، ھەر تۈرلۈك گۇناھ ئىشلارنى قىلىدۇ، ئۇنداق ناماز ئوقۇغاندىن ئوقۇمىغان ياخشى" دېگەن سۆزلىرى ئىنتايىن خاتادۇر. چۈنكى، ناماز ئوقۇش پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا پەرز بولۇپ، ئۇنى ئوقۇمىسا، ناھايىتى چوڭ گۇناھكار بولىدۇ. ناماز ئوقۇپ تۇتۇپ ئىشلىگەن گۇناھنىڭ جازاسىمۇ ئايرىمدۇر. الله خالىسا ئەپۇ قىلىدۇ، خالىسا جازالايدۇ.

## روزا

روزا ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا ئادا قىلىنىدىغان ئىبادەتتۇر. بۇ ئىبادەت يېيىش، ئىچىش ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتتىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق ئادا قىلىنىدۇ. رامىزان ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتۇش اللهنىڭ ئەمرىدۇر. روزا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغان ۋاقىتتىن باشلاپ، ناماز شامغا ئەزان چىققىچە داۋام قىلىدۇ. بۇ

مۇددەت ئىچىدە ھېچقانداق نەرسە يېيىلمەيدۇ، ئىچىلمەيدۇ. جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈلمەيدۇ. ئۇنتۇلۇپ قېلىپ يەپ – ئىچىپ سالسا، روزا بوزۇلمايدۇ.

## ھەج

بالاغەتكە يەتكەن، ھەرەمگە بېرىش ئۈچۈن ئىقتىسادىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن كۈچى يېتىدىغان ھەربىر مۇسۇلمانغا ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىش پەرزدۇر. ھەجنىڭ پەرزى ئۈچتۇر:

1 ـ ھەج قىلىشنى نىيەت قىلىپ ئېھرامغا كىرىش.

2 – بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ئەرافاتتا تۇرۇش.

3 ـ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىش (يەنى كەبىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىش).

## زاكات

قايسىبىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجىدىن سىرت 85 گىرام ئالتۇنغا ياكى ئۇنىڭ قىممىتىدىكى پۇل – مالغا ئىگە بولسا ۋە ئۇنىڭغا بىر يىل توشسا (يەنى ئاشۇ پۇل – مالغا ئىگە بولۇپ 354 كۈن ئۆتسە)، ئۇنىڭ قىرىقتىن بىرىنى الله يولىدا زاكات قىلىپ ئايرىشى لازىم. شۇنداقلا بۇنچىلىك پۇل – مالغا ئىگە بولغان ئادەمنىڭ قۇربانلىق قىلىشى ۋاجىپتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

## قىسقىچە دىنىي مەلۇماتلار

• ئەلھەمدۇلىللاھ (جىمى ھەمدۇسانالار اللهقا خاستۇركى) بىز مۇسۇلمانمىز.

• رەببىمىز الله، كىتابىمىز قۇرئان، قىبلىمىز كەبە، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدۇر.

• تۇنجى ئىنسان ۋە تۇنجى پەيغەمبەر ئادەم ئەلەيھىسسالامدۇر.

• پەيغەمبىرىمىزنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇللاھ، ئانىسىنىڭ ئىسمى ئامىنە، چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇلمۇتتەلىب.

• پەيغەمبىرىمىزنىڭ 25 يېشىدا ئۆيلىنىپ تاكى 50 ياشقىچە بىرلىكتە ياشىغان ئايالىنىڭ ئىسمى خەدىچەدۇر.

• پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆت قىزى ۋە ئۈچ ئوغلى بولۇپ، قىزلىرىنىڭ ئىسمى زەينەب، رۇقىيە، ئۇممۇكۇلسۇم ۋە فاتىمەدۇر. ئوغۇللىرىنىڭ ئىسمى ئابدۇللاھ، قاسىم ۋە ئىبراھىمدۇر.

• پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 40 يېشىدا پەيغەمبەر بولغان. قۇرئان كەرىم ئۇنىڭغا 23 يىل جەريانىدا نازىل بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 63 يېشىدا مەدىنىدە ۋاپات بولغان.

• قۇرئـــان كەرىمـــدە ئىســـمى تىلغـــان ئېلىنغـــان پەيغەمبەرلەرنىــڭ ســانى 28 دۇر (25 دەپ قارايــدىغانلارمۇ بــار). ئــۇلار: ئــادەم، ئىــدرىس، نــۇھ، هــۇد، ســالىھ، ئىبــراهىم، لــۇت، ئىسمائىل، ئىسـهاق، يەئقـۇب، يۇسـۇف، ئەييـۇب، شـۇئەيب، مۇسـا، هـــارۇن، داۋۇد، ســـۇلەيمان، ئىليـــاس، ئەليەســـەئ، زۇلكىفـــل، يۇنــۇس، زەكەرىيــا، يەهيــا، ئىســا، ئــۇزەير، لوقمــان، زۇلقەرنەيــن، مـــۇھەممەد مۇســـتەفا ســـەللاللاهۇ ئەلەيهـــى ۋەســـەللەم قاتــارلىقلاردۇر. زۇلقەرنەيــن، ئــۇزەير، لوقمــان قاتــارلىق ئــۈچى پەيغەمـــبەر ئەمەس، ئەممـــا اللهنىـــڭ ۋەلىيلىـــرى (دوســـتلىرى) دېگەن قاراشمۇ بار.

• پەيغەمـــبەر ئەلەيهىســـالام مىلادىـــيە 571 - يىلـــى مەككـــدە تۇغۇلغــان، 622 - يىلــى مەدىــنىگە هىجــرەت قىلغــان، 632 - يىلى مەدىنىدە ۋاپات قىلغان.

• گەرچە پەيغەمـــبەر ئەلەيهىســـلام ۋاپـــات بولـــۇپ دۇنيــادىن كەتــكەن بولســمۇ، ئۇنىــڭ دۇنيــادا قالــدۇرغان ئىــش - ئىزلىرى قىيامەتكە قەدەر مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە ياشايدۇ.

• الله تائـــالا ئىنســـانلارنىڭ هـــدايىتى ئۈچـــۈن پەيغەمبەرلـــرىگە نازىـــل قىلغـــان كىتـــابلار ئىچىـــدە قۇرئـــان كەرىمــدىن باشــقا يەنە ئــۈچ كىتــاب بولــۇپ، الله تائــالا ئۇلارنىــڭ هـــۆكمىنى ئەمەلـــدىن قالـــدۇرغان (يەنـــى ئۇلارنىـــڭ هـــۆكمى ئىناۋەتسىزدۇر).

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

• ئۇ ئىلاھىي ئۈچ كىتاب: مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان تەۋرات، داۋۇت ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان زەبۇر، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ئىنجىلدىن ئىبارەت.

• پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى ھەدىسلىرىدە يىل ئىچىدىكى بەزى كېچىلەرنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيىتى بارلىقى تەكىتلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆپ ئىبادەت قىلىش، كۆپ ئىستىغپار ئېيتىش ۋە كۆپ زىكىر – تەسبىھ ئېيتىش كۆرسىتىلگەن. مەسىلەن، قەدىر كېچىسى. ئۇ كېچە رامىزان ئېيىنىڭ كېچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، قايسى كېچە ئىكەنلىكى نامەلۇم. ھەدىسلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇ كېچە ئاخىرقى ئون كېچىنىڭ، بولۇپمۇ تاق كېچىلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ئېنىق. شۇڭا، رامىزان ئېيىنىڭ كېچىلىرىدە كۆپ ئىبادەت قىلىشىمىز كېرەك. بارات (تۇنەك) كېچىسىمۇ ئالاھىدە كېچىلەردىن بىرىدۇر (ئۇ كېچە شەئبان ئېيىنىڭ 15 – كېچىسىدۇر). بارات ۋە قەدىر كېچىلىرى قۇرئان ئايەتلىرى نازىل بولغان كېچىلەردىندۇر.

## سەۋەنلىك سەجدىسى:

• نامازخان ناماز ئوقۇۋاتقاندا خاتالىشىپ قالسا، ناماز بۇزۇلمايدۇ. ئەكسىچە ئۇ نامازنى داۋام قىلىپ، ئەتتەھىيياتۇنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن سالام بېرىدۇ ۋە ئىككى قېتىم سەجدە

قىلىدۇ. ئاندىن ئەتتەھىيياتۇنى قايتا ئوقۇيدۇ، ئارقىدىن دۇرۇد ۋە دۇئالارنى ئوقۇپ بولۇپ، ئىككىنچى قېتىم سالام بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ناماز تاماملانغان بولىدۇ. بۇ سەجدە: ”سەۋەنلىك سەجدىسى“ دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سەجدە ئارقىلىق ئاردىكى سەۋەنلىك يۇيۇلىدۇ.

• نامازدا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇشنى كېچىكتۈرۈپ قويغان، تۆت رەكئەتلىك نامازدا بىرىنچى تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالغاندا، ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇۋېتىپ قۇنۇت دۇئاسىنى ئوقۇشنى ئۇنتۇپ قالغاندا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش خاتالىق كۆرۈلگەندە سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىنىدۇ.

## نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇش ھەققىدە:

• ئاغرىق ياكى ئولتۇرۇپ قوپۇشتا قىيىنلىپ قالىدىغان ھەددىدىن ئارتۇق سېمىز كىشىلەر نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. مۇنداق كىشىلەرنىڭ نامازنى يەردە ئولتۇرۇپ ئوقۇشىمۇ تەس بولۇپ قالسا، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، سەجدە ۋە رۇكۇلىرىدا يەڭگىل ئىگىلىپ ئوقۇسا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى



## ئىسلامدا نىكاھنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقى

دىنىدار ئايال دىنىدار بولمىغان ئەرگە ياتلىق قىلىنماسلىقى كېرەك. قىز تەرەپنىڭ ئائىلىسى بىلەن قىز ئالىدىغان تەرەپنىڭ ئەھۋالى ھەر جەھەتتىن تەڭ بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلىشى لازىم. مۇسۇلمان ئايالنىڭ باتىل دىنغا مەنسۇپ ئەر بىلەن نىكاھلىنىشىغا قەتئىي بولمايدۇ. نىكاھلىنىش جەريانىدا ھەر ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ھېچقانداق يالغان سۆز ۋە يالغان مەلۇمات بولماسلىقى كېرەك. ھامىلە ئايال تۇل بولسا، تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن ياتلىق بولۇشى لازىم.

ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال تۆت ئاي 10 كۈن ئۆتمىگىچە يېڭىدىن ياتلىق بولالمايدۇ. ئېمىلداش (بىر ئانىنى ئەمگەن) ئوغۇل - قىزمۇ بىر - بىرى بىلەن توي قىلالمايدۇ. نىكاھلانماقچى بولغان ئەر - ئايال چوقۇم نىكاھتىن بۇرۇن بىر - بىرىنى كۆرۈشى، نىكاھ ئوقۇتقاندا چوقۇم ئىككى گۇۋاھچىنى شاھىت قىلىپ تۇرۇپ ئوقۇتۇشى لازىم.

نىكاھتا مېھرى ھەققىدىن باشقا ھەرقانداق ئىسىم بىلەن تويلۇق ياكى پۇل - مال تەلەپ قىلىش دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس. شۇنداقلا دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، توي مۇراسىمىدا ناخشا ئېيتىش، مۇزىكا چېلىش، ھاراق ئىچىش جايىز ئەمەس. تويى بولىدىغان

ئەر - ئايالنىڭ توي قىلىدىغانلىقى مۇناسىپ ۋاستىلەر بىلەن ئەتراپقا تارقىتىلىشى لازىم.

توي قىلىش دېگەنلىك يېڭى ئائىلە قۇرۇش دېگەنلىكتۇر. شۇڭا، تويى بولىدىغان قىز - يىگىت ئۈچۈن مۇستەقىل ئۆي ھازىرلاش ۋە تويدىن كېيىن ئۇلارنى شۇ ئۆيگە يۆتكەش لازىم. دىنىمىزدا ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش جايىز ئەمەس. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن مەسىلىلەر ھەر جەھەتتىن مۇسۇلمانچە ياشاشقا ئەھمىيەت بەرگەن ۋە ئىسلامنىڭ بارلىق كۆرسەتمىلىرىنى كىشىلىك تۇرمۇشىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تىرىشقان مۇسۇلمانلار ئۈچۈندۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىششىق ئادرېسى

## ئىسلامدا تالاق

ئاياللىدىن ئاجراشماقچى بولغان ئەر ئايالىغا ئۈچ قېتىم: ”سېنى قويۇۋەتتىم“ دېسە، ئۇ ئايال ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن يەنى ئۇ ئىككىسى ئارىسىدىكى نىكاھ تۈگەشكەن بولىدۇ. قانداقلىكى ئەر ياكى ئايال ئىسلام دىنىغا، ئىمانغا ۋە قۇرئان كەرىمگە ھاقارەت قىلسا دىنىدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھەم ئىمانىنى ھەم نىكاھىنى يېڭىلىشى لازىم بولىدۇ. ئېرى ئۈچ قېتىم تالاق قىلىۋەتكەن ئايال باشقا بىر ئەر بىلەن ئۆي تۇتۇش نىيىتىدە توي قىلىپ ئەر – خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتە بولغاندىن كېيىن، ناۋادا ئىككىنچى ئېرى چىقىشالماي قويۇۋەتسە ياكى ئۆلۈپ كەتسە، ئالدىنقى ئېرى بىلەن يارىشىۋېلىشقا مۇمكىن بولىدۇ.

ئىسلام دىنىدا ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان ئىشلاردىن بىرى ئاجرىشىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان ئەر – ئايال بىر – بىرىنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈپ، ئامال بار ئاجراشماسلىققا كۈچ چىقىرىشى كېرەك. شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، دۇنيادا كەمچىلىكى يوق ئەر ياكى ئايالنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ كىيىنىشى

ئىسلام دىنىدا ئاياللارنىڭ ئورنىنىشى پەرزدۇر. ئۇلارنىڭ ئورنىنىشى: "ھىجابلىنىش" دەپ ئاتىلىدۇ. ھەر دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئۆزگىچە خاس ۋە ئەنئەنىۋىي ھىجابلىنىش ئۆرپ - ئادىتى بولۇپ، ناۋادا ئۇلارنىڭ ھىجابلىنىشى ئىسلامىي ئۆلچەمگە ئۇيغۇن بولسا، شۇ پېتى داۋام قىلىدۇ، باشقا چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ.

ئاياللارنىڭ يۈزلىرىنى، قوللىرىنى ۋە پۇتلىرىنى ئورىشى مەجبۇرى ئەمەس. ئەمما ئۇلار بۇ ئۈچ ئەزادىن باشقا ئەزالىرىنى ئۆزى بىلەن نىكاھ چۈشىدىغان بارلىق ئەرلەردىن (نامەھرەم ئەرلەردىن) چوقۇم يوشۇرىشى، ئۇلارغا كۆرسەتمەسلىكى لازىم. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئاياللارنىڭ ئۆز يۇرتىدىكى ئەرلەر كىيىدىغان كىيىملەرنى كىيىشى دىنىي جەھەتتىن توغرا ئەمەس. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بەدىنى كۆرۈنۈپ قالغىدەك نېپىز كىيىملەرنى ۋە تەن قۇرۇلۇشى بىلىنىپ قالغىدەك تار كىيىملەرنى كىيىشى توغرا ئەمەس.

ئاياللار ئۆيدىكى چاغدا سىرتتىن كۆرۈنۈپ قېلىش ئېھتىمالى بولمىغان ئەھۋالدا بېشىنى ۋە بىلەكلىرىنى ئېچىپ يۈرسە جايىزدۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ يات كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ساقلىنىشى يېتەرلىك. ئۇلار ئاتا- ئانىسى،

قېرىنداشلىرى ۋە مۇسۇلمان يات ئاياللارنىڭ يېنىدا بىلەكلىرىنى، تىزىنىڭ ئاستى قىسمىنى، يۈزىنى ۋە چاچلىرىنى ئوچۇق قويسا، گۇناھ ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكىتى ئادرېسى



## ئاياللارنىڭ سىرتقا ۋە ساياھەتكە چىقىشى

مۇسۇلمان ئايال بازارغا ۋە سىرتلارغا چىققاندا خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ، ياسىنىپ چىقماسلىقى لازىم. ئۇ، ئېرى قىلىپ بېرەلەيدىغان ئىشلار ئۈچۈنمۇ بازارغا چىقىپ يۈرمەسلىكى، مۇنداق ئىشلارنى چوقۇم ئەرلەر قىلىشى كېرەك. بۇ، ئاياللارنىڭ تېخىمۇ تەقۋادار بولۇشىغا پايدىلىقتۇر.

ئاياللار يول يۈرگەندە يۈگۈرمەسلىكى، ئەتراپلارغا بىكاردىن - بىكار قارايدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقى، تۇغقانلىرىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاش ئۈچۈن بارغاندا ئامال بار ئىنسانلار ئاز ۋاقىتلاردا بېرىشى، يېنىدا مەھرىمى (نىكاھلىنىشى جايىز بولمايدىغان ئەرلەر) بولمىغان ئەھۋالدا ساياھەتكە چىقماسلىقى لازىم.

ئۇلار ئاپتوبۇس، پاراخوت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كوللىكتىپ قاتناش قوراللىرى يول يۈرگەندە ئۆزلىرىنى ھەم يات ئەرلەرنىڭ كۆزىدىن ھەم ئۇلارنىڭ تېگىپ كېتىشىدىن ساقلىشى ناھايىتى تەس بولغاچقا، ئىنتايىن زۆرۈر ئېھتىياجى بولمىغان ئەھۋالدا بۇ خىل قاتناش قوراللىرى بىلەن سىرتلارغا ۋە ساياھەتكە چىقماسلىقى لازىم. چۈنكى زىنا كۆز بىلەن باشلىنىدۇ، پۇت – قول بىلەن تەرەققىي قىلىدۇ، پالاكەت بىلەن نەتىجىلىنىدۇ.

تىل ۋە قولاقنىڭ زىناسىمۇ يامان سۆزلەرنى ۋە شەھۋانىي ھېكايىلەرنى سۆزلەش بىلەن بولىدۇ. بۇ شەكىلدە سۆزلىگەن قوشنا ياكى تونۇش ھەرقانداق كىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى دەرھال ئۈزۈش لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا، ھېچ ئويلاپ باقمىغان، كىشىنى بىئارام قىلىدىغان ھادىسىلەر ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن.

ئۇلار ئەخلاقى بۇزۇق ئايالLار بىلەن، گەرچە ئۇلار قوشنا ياكى ئۇرۇغ - تۇغقان بولغان تەقدىردىمۇ، گەپلەشمەسلىكى ۋە ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماسلىقى لازىم.

ئايالLار يەنە ئەخلاقى بۇزۇلغان جاي ۋە مۇھىتلاردا ئايلىنىپ يۈرمەسلىكى، يات ئەرلەرگە تىكىلىپ قارىماسلىقى، يات ئەرلەرنىڭ قولىنى (قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدىغان دۆچ كەلسىمۇ) ھەرگىز تۇتماسلىقى لازىم. چۈنكى بۇ، دىنىمىزدا ھارامدۇر. شۇنداقلا بىر ئايالنىڭ ئۆزى بىلەن نىكاھ چۈشىدىغان بىر ئەر بىلەن بىر ئۆيدە ياكى بىر ھوجرىدا يالغۇز قېلىشى ھارامدۇر.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن مەلۇماتلار ئۆزىگە ئىسلام دىنىنى چىقىش يولى قىلغان ئىنسانلار ئۈچۈندۇر. ئىسلام دىنى ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشقا ئەسلا يول قويمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا رىئايە قىلمىغان، ئەكسىچە خىلاپلىق قىلغانلار بولسا، دۇنيادا خورلۇققا ۋە ئاۋارىگەرچىلىككە قالىدۇ، ئاخىرەتتە ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ھەيز ۋە نىفاس

توققۇز ياشتىن 55 ياشقىچە ئارىلىقتا بولغان، ھامىلە ياكى كېسەللىك ئالامىتى بولمىغان ئايالالاردىن كېلىدىغان قان: ”ھەيز قېنى“ دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ھالەتكە: ”ھەيزدارلىق“ ياكى: ”ئادەت كۆرۈش“ دېيىلىدۇ.

ھەيزدارلىق مەزگىلى ئەڭ ئاز بولغاندا ئۈچ كۈن، ئەڭ كۆپ بولغاندا 10 كۈن بولىدۇ. ئەگەر كەلگەن قان مۇددىتى ئۈچ كۈندىن ئاز ياكى 10 كۈندىن كۆپ بولسا، كېسەللىك قېنى ھېسابلىنىدۇ. مۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن ئايال دوختۇرغا كۆرۈنۈشى لازىم.

ھەيز بولماستىن كېسەللىك سەۋەبىدىن قان كەلگەن كۈنلەردە ناماز ۋە روزىنى ئۈزۈپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئايالالارنىڭ يېشى چوڭايغانسېرى ھەيز كۆرۈشتىن قالىدۇ. ھەزىنىڭ توختىشى 45 ياشتىن 55 ياش ئارىسىدا بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ كېسەللىك سەۋەبىدىن بۇنىڭدىن بۇرۇن توختاپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

دەسلەپ ھەيز كۆرۈش باشلانغاندا ھەيز قېنى ھەر كۈنى كەلمەسلىكى مۇمكىن. بىر كۈن كېلىپ بىر كۈن كەلمەيدىغان، ئۈچىنچى كۈنى يەنە كېلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. ئايالالارنىڭ ھەيز كۆرۈش كۈن سانى ئوخشاش ئەمەس، ئەمما ئېنىقتۇر.

بەزىلىــرى ئــۈچ كــۈن، بەزىلىــرى تــۆت كــۈن، بەزىلىــرى بەش كــۈن ھەيز كۆرىدۇ. ھەتتا ئون كۈنگىچە ھەيز كۆرىدىغانلارمۇ بولىدۇ.

ئايــاللاردىن يەنە تۇغــۇتتىن كېــيىن قــان كېلىــدىغان ئەھــۋال بــار. بــۇ: "نىفــاس قېنــى" دېيىلىــدۇ. نىفــاس قېنىنىــڭ مۇددىتىمــۇ ھەربىــر ئايالغــا قارىتــا ئوخشــاش بولمايــدۇ. نىفــاس قېنىنىــڭ ئەڭ ئــۇزۇن مــۇددىتى 40 كۈنــدۇر. ھەيــزدار يــاكى نىفاســدار ئايــال تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلالمايدۇ:

1. ناماز ئوقۇيالمايدۇ، روزا تۇتالمايدۇ.

2. قۇرئــان ئوقۇيالمايــدۇ، قۇرئانغــا يــاكى قۇرئــان ئــايەتلىرىگە قول تەككۈزەلمەيدۇ.

3. كەبىنى تاۋاپ قىلالمايدۇ ۋە مەسجىدكە كىرەلمەيدۇ.

4. ئېرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولالمايدۇ.

بۇنىڭــدىن باشــقا يەنە ھەيــزدار ۋە نىفاســدار ئايالنىــڭ ئېــرى ئۇنىــڭ كىنــدىكى بىــلەن تىــزى ئارىلىقىــدىن كىيىمسىــز ھالىتىــدە، گەرچە شەھۋەتســـىز بولســـىمۇ، بەھـــرىمەن بولالمايـــدۇ. ئەممـــا كىيىملىـــرى ئۈســـتىدىن ۋە ئۇنىڭـــدىن باشـــقا ئەزالىرىـــدىن (كىيىمسىز ھالىتىدىمۇ) بەھرىمەن بولسا بولىدۇ.

ھەيـــز ۋە نىفـــاس قېنـــى ئاياللارنىـــڭ رەھمىـــدىن، يەنـــى بالايــاتقۇدىن كېلىــدۇ. ئەگەر بــۇ قــان بــەرەر تومۇرنىــڭ يېرىلىــپ كېتىشــى يــاكى بــەرەر يارىــدىن كەلــگەن بولســا، ئىســتىھازە (يەنــى كېســەللىك) قېنــى ھېســابلىنىدۇ. كېســەللىك ســەۋەبىدىن كەلــگەن

www.uyghurkitap.com

قان سۈزۈك ۋە پۇراقسىز بولىدۇ. بۇ قان سەۋەبى بىلەن ناماز ياكى روزا توختىتىلمايدۇ.

ھامىلە ئايالنىڭ قولى، پۇتى ۋە تىرناقلىرىغا ئوخشاش ئەزالىرى تېخى ئېنىق بولمىغان ۋە شەكىللەنمىگەن بالىسى چۈشۈپ كەتسە، ئۇ ئايال نىفاسدار ھېسابلانمايدۇ. نىفاس قېنى 40 كۈندىن ئارتۇق كەلمەيدۇ. ئاۋادا 40 كۈندىن ئارتۇق كەلسە، 40 كۈندىن ئاشقىنى كېسەللىك قېنى ھېسابلىنىدۇ.

ھەيز قېنى ئايدا بىر قېتىم كېلىدۇ. ھەيز قېنىنىڭ ئۆزگىچە پۇرىقى بار. ھەيز ۋە نىفاس قېنى كېلىۋاتقان ئايال ناماز ئوقۇيالمايدۇ. ئەمما، ناماز ۋاقتى كىرگەندە نامازغا ئالغاندەك تاھارەت ئېلىپ، ئاندىن جەينامازدا ئولتۇرۇپ: سۇبھانەللاھ، ئەلھەمدۇلىللاھ، اللە ئەكبەر، ئەستەغفىرۇللاھ... دېگەنگە ئوخشاش زىكىر – تەسبىھلەرنى قىلىشى جايىزدۇر.

ھەيزدار ئايال ھەرگىزمۇ ئېرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزەلمەيدۇ. بۇ، دىنىمىزدا ھارامدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنسانىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىقتۇر. ئەمما ئېرى بىلەن بىر تۆشەكتە ياتسا، بۇنىڭ ھېچ يامىنى يوق.

اللەقا ھەمدۇسانالار بولسۇنكى، بۇ كىتابنىڭ تەرجىمىسى تامام بولدى، مەن بۇ كىتابتىن قېرىنداشلىرىمنىڭ مەنپەئەتلىنىشىنى ۋە بۇ ئارقىلىق اللەنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىدىغان ئەمەل بىلەن ياشىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىمەن.